3 - پەسىل

# خوتەن ئىنقىلابى

**ئىنقىلابنىڭ كېلىپ چىقىشى -**

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي تۈركىستان ھېچبىر زامانىۋىي قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولالماي تاشلىۋېتىلگەن بىر ھالەتتە مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەركەزگە ئېغىزدىلا تەۋە بولغان چىنلىق ئەمەلدارلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زامانىۋىي مائارىپ ۋە تەربىيەدىن مەھرۇم ھالدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ياشاتماقتا ئىدى.

ئوڭ ۋە سولنى پەرق ئېتەلىگىدەك بولغان چېغىمدىن تارتىپ، چىنلىق ئەمەلدارلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقلارنى ۋە خەلقىمىنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،كۆپ ئېچىنماقتا ئىدىم. بۇلارنىڭ تەسىرىدىن نۇرغۇن كېچىلەردە ئۇيقۇسىز ۋە ۋەسۋەسىلەر بىلەن تاڭ ئاتقۇزاتتىم. يېشىم كىچىك، ئەقلىم يېتىشمىگەن. تەجرىبىسىز ۋە ماددى جەھەتتىن يوقسۇل ئىدىم. دەردىمنى ئاڭلىتىدىغان كىشىم يوقتى. قىسقىسى، ئون بەش يېشىمدىن تارتىپ، چىن زۇلمىغا قارشى نەپرەت ھىسسى. مىللىتىم ۋە ۋەتىنىمنىڭ ھالىغا قايغۇرۇش كۆڭلۈمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. بۇ ھىسسىياتنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئاستىدا، مىللىتىمنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش، دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمىي ۋە زامانىۋىي تارىخلىرىنى تەتقىق قىلىش زوقى كۆڭلۈمدە كۈندىن كۈنگە قۇۋۋەتلەنمەكتە ئىدى. ئەپسۇسكى، مۇھىتىمدا ماڭا بۇ ساھادا تەربىيە بېرىدىغان كىشىلەر يوقتى.[112]

مانا بۇ ھالەتتە، مەدرىسىدىكى ئوقۇشۇمنى داۋام قىلدىم. 22 يېشىمدا ئوقۇشنى تۈگىتىپ، مۇدەررىس بولدۇم. بۇ ۋەزىپەمدە ئاستا - ئاستا تەرەققى قىلدىم، ئوقۇغۇچىلىرىممۇ خېلى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇقۇغۇچىلىرىمنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە ئىخلاسىنى ئۆزەمگە جەلپ قىلىدىغان دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ جەھەتتە خېلى ياخشى نەتىجە قازاندىم. مەدرىسىدىكى تالىپلىرىمدىن خېلى كۆپ كىشىنى تەربىيەلەپ، بۇلارنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن بىر ھەرىكەت قىلىش پىكرىمگە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى ئۈمىد قىلالايدىغان ھالغا كەلدىم.

لېكىن، يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى، مىللەتنىڭ روھىي ھالىتى ۋە دۈشمەنىنىڭ كۈچى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتىم يوقتى. بۇ مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرتۇمنى ئايلىنىپ چىقىش مەقسىدى بىلەن. 1930 - يىلى، مەشھۇر تاتار ئالىملىرىدىن چۆچەكتە ئولتۇرۇشلۇق شېخ مەھەممەد مۇراد (رەمزى) ئەفەندىنىڭ قېشىغا ھەدىس ۋە تەفسىر بىلىملىرىدىن دەرس ئېلىش ئۈچۈن بارىمەن دەپ خوتەندىن يولغا

[112] مۇئەللىپ «كۆرەش خاتىرىلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە، بۇ يەرگە: ئۆزەمنى ئۆزەم تەربىيەلىشىم كېرەك ئىدى» دېگەن بىر جۈملىنى ئىلاۋە قىلغان (ن. ش. ھ.).

چىقتىم. كۇچا، كورلا، تۇرپان، ئۈرۈمچى، چۆچەك، ئىلى، ئاقسۇ ۋە ئارىدىكى شەھەرلەرنى ئالتى ئاي ساياھەت قىلىپ، خوتەنگە قايتىپ كەلدىم. بۇساياھىتىم ئەسناسىدا، يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى، مىللەتنىڭ روھىي ھالىتى ۋە دۈشمەننىڭ كۈچى توغرىسىدا قانائەتلەنگىدەك مەلۇماتلارنى قولغاكەلتۈردىم. ئىرادەممۇ كۈچلەندى. كۆپ جايلاردا بىلىملىك، ساداقەتلىك، ئاستايىدىل ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دەرت بىلەن تولغان ئىكەن. ئەپسۇسكى، ئەمەلىي بىر ھەرىكەتكە ھازىر بولغان بولمىغانلىقى ياكى بىرمىللىي ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلالايدىغان بىر كىشىنىڭ بار يوقلوقىنى ئېنىقلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن بىرەسى بىلەن ئۇچۇق بىر شەكىلدە پىكىر ئالماشتۇرۇشۇم مۇمكىن بولمىدى. پەقەت غولجىدا سابىت داموللا ھاجىمنىڭ بىر مىللىي ئىنقىلاب ئۈچون پائالىيەتكە كىرىشىش پىكرىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەنمۇ مەقسىدىمنى سابىت داموللاھاجىمغا ئاچتىم. بىرقانچە كېچە سۆھبەتلەشتۇق. ھازىرقى ئەھۋالدا، يۇرت ۋە خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، قوراللىق بىرمىللىي ئىنقىلاب قوزغاشتىن باشقا چارە قالمىغانلىقى ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلدۇق. ئىنقىلاب خوتەندىن باشلانسا، ئۇيغۇن بولىدۇ دەپ قارار قىلىشتۇق. ئىككىمىزنىڭ پىكرىچە، جىنشۇرىن ياكى چىن مەركىزى ھۆكۈمەتتىن قورقۇشنىڭ كېرىكى يوقتى. پەقەت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلابقا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىش كېرەك ئىدى. سابىت داموللا ھاجىم، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش، بەزى ئىسلام مەمنىكەتلىرىنى ساياھەت قىلىش ۋە بۇ ئارىدا مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزگە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق سىياسەتنى تەتقىق قىلىش نىيىتى بىلەن 1931 - يىلى روسىيە ئارقىلىق يولغا چىقتى. مەن بۇ ساياھىتىم نەتىجىسىدە تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى ئېنىقلىۋالدىم:

(1) ھەممىدىن بۇرۇن، مەخسۇس ئەسكىرىي ماھىيەتتە بىرمەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىپ، دۈشمەن خەۋەردار بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى كۈچ توپلىۋېلىپ. بۇ يول بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىزنى ئىنقىلابقا ھازىرلاش ئۈچون تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش.

(2) ئىنقىلابنىڭ مەركىزى خوتەندە بولۇش. چۈنكى، جوغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى جەھەتتەبۇ ۋىلايەتنى ھەممىدىن ئۇيغۇنراق كۆردۈم.

لېكىن. ئالدىمدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە، خەلقىنىڭ قورالسىز بولۇشى ۋە يۇرتۇمنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋەزىيىتىنىڭ قوراللىنىش ئۈچۈن قولاي ئەمەسلىكى ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى. يۇرتنىڭ ھەر يېرىدە ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىپ، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ پارچىلىنىشى دەپ ئويلىغانىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىرقېتىم ساياھەتكە چىقىشىم كېرەك ئىدى. بەلكى، يەنە بىر قانچە قېتىملىق ساياھەتنى كۆزئالدىمغا كەلتۈرۈپ خىيال قىلىش بىلەن بىرىېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. سىرىم يەنە بۇرۇنقىدەك ئىچىمدە قالدى.

شۇنداق بىرۋەزىيەتتە، قۇمۇل ئىنقىلابى قوزغالدى. ئالتى شەھەر تەرەپلىرىگە ئىنقىلاب خەۋەرلىرى

ئانچە ـ مۇنچە كەلگىلى باشلىدى. 1932 ـ يىلى پۈتۈن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قۇمۇلغا يىغىلغانلىقى ۋە باشقا جايلارغا يۆتكەلگەندەك زاپاس دۈشمەن كۈچى يوقلىقى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى يۇقىرىقى قىيىنچىلىق بىرئاز يەڭگىللەشتى. بۇ ۋەزىيەتتە ئالتى شەھەرنىڭ مۇھىم يەرلىرىدە تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش يېتەرلىك بولىدۇ، دەپ، ئويلىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزەم ئويلاپ يۈرگەن ئەسكىرىي ماھىيەتتە بىرتەشكىلات قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدىم ۋە ھىجرى 1351 ـ يىلى جامادىئىل ئەۋۋەل نىڭ 15ـ كۈنى(مىلادى 1932 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) كېچىسى بۇ پىكرىمنى ئىنىم نۇر ئەھمەدكە ئېيتتىم. ئۇ پەۋقۇلئاددە ھاياجان بىلەن بۇ پىكرىمنى قوللىدى. تەشكىلاتىمىزنىڭ بىرىنچى ئەزاسى ئىنىم نۇرئەھمەد بولدى. شۇكۈندىن باشلاپ، بىردىن ئىككىدىن ئەزا توپلاشقا باشلىدۇق ۋە بىرئاي ئىچىدە ئەزالىرىمىز ئەللىكتىن ئاشقان بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقتۇق. قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە يېتەرلىك ساندا ئەزاغا ئىگە بولۇشىمىزنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

قەشقەر ۋە يەركەندىمۇ تەشكىلات قۇرۇش پىكرى تۇغۇلدى. ھەممىدىن قەشقەردە تەشكىلات قۇرۇپ چىقىشىمىز ئوڭاي بولىدۇ دەپ خىيال قىلىپ، ئىنىم نۇر ئەھمەدنى قەشقەرگە ئەۋەتتۇق. كېيىنچە ئەزالىرىمىزدىن قۇربانىنىللانىمۇ ئەۋەتتۇق. بۇ ئىككىسى بۇرۇن قەشقەردە بىرمەزگىل ئوقۇغانىدى. بۇلارنىڭ قەشقەر مەدرىسىلەردىكى تالىپلار بىلەن ئالاقىسى بار، تالىپلاردىن ئەزا توپلاش ئوڭاي دېگەن خىيال بىلەن بۇلارنى تاللىغانىدۇق. بۇلارغا ئۇندىن باشقا يەنە قەشقەردىكى چىن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى،كۈچىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللەرنى تەكشۇرۇپ كېلىشنىمۇ تاپشۇرغانىدۇق. ئۇلار قەشقەردە تەشكىلات قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. باشقا ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنداپ، ئىنقىلابقا ئۇلگۇرۇپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

خوتەندىكى ئەزالارنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيىتى مۇمكىنقەدەر كۆپرەك قورال ۋە پۇل توپلاش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەخپىي پائالىيەتلىرىمىز تەقدىرگە لايىق دەرىجىدە داۋام قىلماقتا ئىدى. ئالتى ئاي داۋام قىلغان مەخپىي پائالىيەتلىرىمىز نەتىجىسىدە، قاراقاشنىڭ پۈتۈن يېزا- كەنتلىرىدە ھەر قاتلام خەلق ئىچىدىن ئەزا توپلاندى ۋە ھەرئەزا ئۆزىگە لايىق ۋەزىپىگە تەيىن قىلىندى. ئىلچى[113] ئەترapىدىنمۇ خېلى كۆپ كىشىلەر تەشكىلاتىمىزغا قېتىلدى. دۈشمەننىڭ پۈتۈن ھەرىكەت ۋە مەخپىي ئەھۋاللىرىدىنمۇ ھەركۈن خەۋەر ئېلىپ تۇرالايدىغان بولدۇق. بۇ مەزگىل ئىچىدە دۈشمەننىڭ پائالىيەتلىرىمىزدىن ھېچ خەۋىرى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، شەۋۋال ئېيى (10ـ ئاي) غىچە، ئەزالىرىمىزنىڭ سانى ۋە قوراللىرىمىز خوتەن ۋىلايىتىدىكى چىن قۇۋۋەتلىرىنىڭكىگە تەڭلەشتى.

شابان (11ـ ئاي) ئايدا، سابىت دامۇللا ھاجىم سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، مىسىر ۋە ھىندىستان

113 ئىلچى ـ خوتەن شەھىرىنىڭ نامى ( ن. ش. ھ.).

ساياھەتتىن قايتىپ، خوتەنگە كەلدى. ساياھەت خاتىرىلىرىنى ۋە تەسىراتلىرىنى ئاڭلاتتى. مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ھىندىستاندا بەزى سىياسى كىشىلەربىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا بىرمىللىي ئىنقىلاب قوزغالسا، خوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇداخىلە قىلىش ئېھتىمالىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداقلا، خەلقئارا جامائەتچىلىكى قانۇنلىرىغا قارىغاندا، بىر يۇرتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش توغرا ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ، غولجىدا كۆرۈشكەن چېغىمىزدىكى مەسلىھەتىمىز بويىچە، خوتەندە بىر مىللىي ئىنقىلاب تەشكىلاتى قۇرۇش مەقسىدى بىلەن ئۇدۇل خوتەنگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەرتىسى مەن، سابىت دامۇللا ھاجىمغا، تەشكىلاتىمىز ھەققىدە ۋە مەخپىيەتلىكىمىز ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردىم. دامۇللا ھاجىم بۇلارنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەند بولدى ۋە بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مەن تەشكىلاتىمىزنىڭ مەجلىسىنى چاقىردىم ۋە سابىت دامۇللا ھاجىمنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. پۈتۈن ئەزالار سابىت دامۇللا ھاجىمنىڭ خوتەن مىللىي ئىنقىلاب تەشكىلاتىغا ئەزالىققا ئېلىنىشىنى ماقۇللىدى.

سابىت دامۇللا ھاجىم، رامازان ئېيى مۇناسىبىتى بىلەن قۇرئاندىن دەرس قىلىش ئەسناسىدا، قۇرئاننىڭ جىھاد توغرىسىدىكى ئايەتلىرىنى كەڭ ـ تاشا تەفسىر قىلىپ، ئومۇمىي خەلق ئىچىدە ئىنتايىن چوڭقۇر بىر تەشۋىقات خىزمىتىنى ئۆستىگە ئالدى. بۇ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرى بەك ياخشى بولۇپ، ئەزا توپلاش ۋەزىپىمىزگە چوڭ ياردەمچى بولدى. رامازان ئايىنىڭ ئاخىرىدا تەشكىلاتىمىزغا يەنە بىر مۇھىم كىشى قېتىلدى. بۇ كىشى، خوتەندە ئەڭ چوڭ دىنىي ۋە مىللىي نوپۇزغا ئىگە بولغان مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرئاي ئىچىدە، ئىقلابى تەشكىلاتىمىزغا قاتناشقانلارنىڭ سانى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. ئەزالىرىمىزنىڭ ھەممىسى قوراللىق بولمىسىمۇ، 20% ى مىلتىق قالدىسى قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن قوراللاندى.

ھىجرى 1351 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنى پەيشەمبە(مىلادى 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى) تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئون سەككىز كىشىلىك ۋەكىللەر مەجلىسى ئېچىلدى. مەجلىستە مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى ھۆكۈمدار سايلاپ، ھەممىمىز ئۆنىڭغا بەيئەت قىلدۇق. سابىت دامۇللاھاجىم ھۆكۈمدارنىڭ مەسلىھەتچىسى، مائارىپ، ئەدلىيە ۋە دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىندى. مەن ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدۇم. پەيشەمبەكۈنى ئۇرۇش باشلاشقا قارار قىلىندى.

قاراقاش ۋە ئىلچى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ئىچىدىكى مۇخبىرلىرىمىز دۈشەمبە كۈنى، ھۆكۈمەت بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى سېزىپ قالغانلىقىنى ۋە بىزنى تۇتۇش ئۈچۈن خوتەندىكى ئەسكەرلەرنى يېتەرلىك ئەمەس دەپ، گۇمادىكى ئەسكەرلەرنى چاقىرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. گۇمىدىن كېلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ پەيشەمبە كۈنى يېتىپ كېلىش ئېھتىمالى بارئىدى. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ، يېقىندىكى

ئەزالارغا دەرھال تويلىنىشنى ئۇختۇرۇپ، پەيشەمبە كۈنى قاراقاشقا ھۇجۇم قىلىش قارارىمىزنى ئۆزگەرتىپ، 17- شەۋۋال 1351- يىلى دۈشەمبە كۈنى (مىلادى 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13- كۈنى) شامى سائەت ئوندا (ئەتىگەن سائەت بەشتە) ھۇجۇم باشلاشقا قارار قىلدۇق.

**قاراقاش ۋە ئىلچىنىڭ ئازات بولۇشى.**

يۇقىرىقى قارارىمىز بويىچە قاراقاشقا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. لېكىن، ھۇجۇم باشلاش سائىتىگە قەدەر ئاران 68 كىشى توپلاندى. قۇۋۋەتىمىزنىڭ ئازلىقىغا قاراپ، قارارىمىزنى ئۆزگەرتمەستىن سەھەر سائەت بەشتە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدىم. دۈشمەن خەۋەرسىز ھالدا ياتقانلىقتىن ئۇرۇش يېرىم سائەت داۋام قىلدى. شەنجاڭ (چىنلىق ھاكىم) باشلىق 36 چىنلىق ئۆلتۈرۈلدى ۋە 12 سى ئىلچىگە قاچتى. قالغانلىرى ئەسىرئېلىندى. شام ۋاقتىغىچە شەھەر تامامەن تىنچىپ بولدى.

قاراقاشنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان شەھەرئىچى ۋە ئەتراپتىن قولىغا پالتا، كەتمەن ۋە تاماق كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن خەلقنىڭ سانى شۇكۈنى ئاقشامغىچە ئۈنمىڭغا يەتتى. كەچ سائەت ئوندا بىرەرمىڭدەك كىشىنى قاراقاش دەريا بويىغا يوللاپ، ئىلچىدىن كېلىدىغان يولنى كۆزىتىشكە باشلىدۇق. يەنە بىرەرمىڭدەك كىشىنى چوڭ ئىنىم ئابدۇللائاخۇن ۋە تەشكىلات ئەزالىرىمىزدىن ئىسمائىل داموللام باشچىلىقىدا زاۋاغا يوللاپ، گۇمىدىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ يولىنى توساشقا بۇيرۇدۇم. ئەرتىسى كۈن، قاراقاشنىڭ تەرتىپ ۋە ئىنتىزام ئىشلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش بىلەن ئۆتتى. ئاقشىمى قاراقاش دەريا بۇيىدىكى قىسىملارغا ئىلچىگە قاراپ يۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدۇق. زاۋادىكى مۇجاھىدلار گۇمىدىن كېلىۋاتقان چىن ئەسكەرلىرىگە خەۋەرسىز ياتقان پەيتتە ھۇجۇم قىلىمىز دەپ. ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ دۈشمەن غاپىل ئەمەستى. كېچىلەپ يۈرۈپ پىيالمىدا يوشۇرنۇپ ياتقان دۈشمەن، خەۋەرسىز يېقىنلاشقان مۇجاھىدلارنى تۇيۇقسىز ئوققا تۇتۇپ، نۇرغۇن كىشىنى شېھىت قىلدى. قۇۋۋەتلىرىمىز پاراكەندە بولۇپ، ئارقىغا چېكىندى. دۈشمەن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. ئوتتۇرىدىكى 23 كىلومېتىرلىك چۆلدە يەنە ئىككى يۈزگە يېقىن مۇجاھىد شېھىت بولدى. مۇجاھىدلار قۇم رۇبات ۋە تاربۇغا دېگەن جايلارغا چېكىنىپ، مۇداپىئەدە تۇردى. چۈشتىن كېيىن، سائەت تۆت ئەتراپىدا دۈشمەن يېتىپ كېلىپ، قاتتىق ئۇرۇش باشلاندى. بەزى ئىستىھكاملار دۈشمەننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، كەچتە مۇجاھىدلار قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ قاچۇردى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ۋە چۆلنىڭ يامان يوللىرىدا دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى. چىن ئەسكەرلىرى شۇ قاچقىنىچە گۇمىغا كەتتى.

پەيشەمبە كۈنى ئىلچىگە يۈرگەن قىسىملىرىمىز شەھەرگە بىرمىل ئۇزاقلىقتىكى ئاقتاشقا بارغاندا شەھەردىن بىر بۆلۈك چىن ئەسكەرلىرى چىقتى ۋە ئۇرۇش بولدى. مۇجاھىدلار مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا چېكىنگەن بولسىمۇ، چىن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلىماي شەھەرگە قايتىپ كىرىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنىنىڭ كۈچىنى سىناپ خاتىرجەم بولدۇق. ئىلچىنى مۇھاسىرە قىلىش ۋە قەشقەردىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەن قىسمىنىڭ ئالدىنى توساش ھازىرلىقىنى باشلىۋەتتۇق. شەۋۋالنىڭ بەشىنچى (سەيشەمبە) كۈنى ئىلچىگە ئىككى قول بىلەن يۈرۈش باشلاندى.

بىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلماي، قەشقەردىن كېلىدىغان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئېنىقلىنىپ بولغىچە ئىلچىنى شۇ ۋەزىيەتتە ئۇزاقتىن مۇھاسىرىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى قارارقىلدۇق. مەن زاۋاغا چىقىپ قەشقەر دىن كېلىدىغان خەۋەرنى كۈتۈپ، ئۇيەردە ئەسكەر توپلاشقا باشلىدىم. چارشەمبە كۈنى، قەشقەر دىن ئاساسلىق بىر قوشۇن كەلمىگەنلىكى ۋە يەركەننىڭ بۇ تەرىپىدە دۈشمەن ئەسكىرى يوقلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئىنىم ئابدۇللا ئاخۇننى ئىلچى ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ، ئىلچى شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىشقا ئەۋەتتۇق. جۇمە كۈنى قىسىملىرىمىز شەھەرنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تەرىپىگە كېلىپ سەپ تارتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە چىن ئەسكەرلىرى سېپىلدىن چىقىپ، ئىككى توپ بىلەن شىمالدىكى سەپكە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش باشلاندى. ئۈچ سائەت داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، مۇجاھىدلار چىنلىق ئەسكەرلارنى قورشاۋالدى. قوماندان باشلىق چىن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلدى. قالغان ئاز بىرقىسمى قېچىپ، يېڭى شەھەرگە كىرىۋالدى. توپلار ۋە دۈشمەنىنىڭ باشقا قورالىرى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئولجا ئېلىندى.

مۇجاھىدلار دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، كونا شەھەرنى تامامەن قولغا چۈشۈردى. بۇ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئەرتىسى سەھەردە ئىلچىگە كەلدىم ۋە يېڭى شەھەرنىڭ مۇھاسىرە ئىشىنى قولۇمغا ئالدىم. زاۋا ئالدىنقى سەپكە ئارقا. ئارقىدىن ئىككى كىشىنى قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن بولساقمۇ يېتىشەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىچىك ئىنىم نۇرئەھمەد ئاخۇننى زاۋا ئالدىنقى سەپكە قوماندان قىلىپ ئەۋەتتىم. خوتەن يېڭى شەھەر تۆت تەرەپتىن قورشاپ قىلىنغان مۇھاسىرىلەر ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلدى. 13 ـ زۇلقەدىگىچە ئۇرۇش داۋام قىلىپ، ئاخىرى دۈشمەن بىلەن سۈلھى قىلىش توغرىسىدا ئالاقە باشلاندى. 17ـ زۇلقەدە پەرشەمبە كۈنى بىز تەرەپتىن بىر ھەيئەت سېپىل ئىچىگە ئەۋەتىلدى ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

ئەرتىسى دۈشمەن قوماندانى ئالدىمغا چىقىپ، پۈتۈن قورال ـ ياراق، ئات ۋە ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش شەرتى بىلەن ئۇلارنىڭ جېنى ۋە مېلىغا تەگمەسلىك ۋە خالىغان دۈشمەن مۇسۇلمان بولۇش دېگەن ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىمگە ئىمزا قويىدى. ئەرتىسى، قورال ۋە خەزىنە تاپشۇرۇپ ئېلىندى. چىنلىقلار بىرتەرەپتىن ئۆلىمالارنىڭ ئالدىداكېلىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىدى.

بۇۋاقىتتا، بۇرۇنقى خوتەن ۋالىيسى يەن دوتەيىنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەر، يەركەن، قاغىلىق گۇمىدىن زور بىر چىن قوشۇنىنىڭ توپلانغانلىقى ۋە گۇمىدىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىققانلىقى ھەققىدە خەۋەر

كەلدى. خوتەندە قولغا چۈشۈرۈلگەن مىلتىق ۋە ئوق ـ دورىنى مۇجاھىدلارغا تارقىتىپ، 650 كىشىلىك بىر قوۋۋەتنى مۆلشۈرى سۇبغۇتۇللا قوماندانلىقىدا دەرھال زاۋاغا يوللىدۇق. زاۋا ئالدىنقى سەپ قوماندانى نۇرئەھمەد ئاخۇن، ئۇرۇش مەيدانىدا بولۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەرتىسى زاۋاغا كەلدىم. بۇ چاغدا، دۈشمەن قوم رۇباتتىكى قاراۋۇل قىسىملىرىمىز بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشكەنىكەن. مەن دەرھال قوم رۇباتقا كەلدىم. كەچ سائەت بەشكىچە شىددەتلىك ئۇرۇش داۋام قىلدى ۋە ئاخىرى دۈشمەن قاچقىلى باشلىدى[114]. ئاتلىق قىسىملىرىمىز دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئاق لەڭگەرگىچە بېرىپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئىلگىرلىيەلمەي قايتىپ كەلدى. پۈتۈن قىسىملىرىمىزنى تاربۇغا بازىمىزغا توپلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىن كېلىدىغان دۈشمەن ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم بولدۇق. ھۇجۇمغا ئۆتۈش نۆۋىتى بىزگە كەلگەنىدى. بۇ ئارىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي ناھىيىلىرىدىكى خەلق ئۆزلىگىدىن قوزغۇلۇپ، چىرىيە ۋە كېرىيە شەھەرلىرىنى پەتھى قىلىپ، خوتەن ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلدى. بىزنىڭ، ئۇ يەرلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

قوم رۇبات ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان يەن دوتەي بىلەن ئەسكەرلىرى گۇمىغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، گۇمىدا، «خوتەن ئىنقىلابچىلىرى چىن ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپتىمىش» دېگەن سۆز تارقىلىدۇ. بۇخەۋەر بىلەن ھاياجانغا كەلگەن گۇما خەلقى قوزغۇلۇپ، بىر كېچىدە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى قولغا ئالىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى يەن دوتەي ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ گۇمىغا كەلگەن. بۇنى كۆرگەن خەلق ھېلىقى خەۋەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئۇقۇپ، شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. دۈشمەن، شەھەردە قالغان خەلقنى قىرغىن قىلىپ، يۈز ئەللىك كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، بولاڭ ـ تالاڭ قىلدى ۋە شەھەرگە ئوت قويىۋەتتى. شۇ چاغدا، قەشقەر دىن يەن دوتەينىڭ ياردىمىگە ئەۋەتىلگەن قىرغىز توپچى قىسىم ئەسكەرلىرى قاغىلىققا كېلىپ، ئۇ يەردىن گۇمىغا يۈرىدى. بۇقىسىم شەھەردىن كەتكەندىن كېيىن، قاغىلىق خەلقى قوزغۇلۇپ، شەھەرنى قولغا ئالدى. قىرغىز ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۇلارغا بەشئېرىقتا قاتتىق زەربە بېرىپ، مەغلۇپ قىلدى. ئەسكەرلەر ئەسىر ئېلىندى ۋە پۈتۈن توپ ۋە ئوق دورىلار مۇجاھىدلارنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇنى ئاڭلىغان يەن دوتەي قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قېچىشتىن باشقا چارىسى قالمىدى. گۇمىدىكى ئەسكەرلىرىنى ۋە چىنلىقلارنى ئېلىپ، تاغ يولى بىلەن يەركەنگە قاچتى. يول ئۈستىدە خەلق ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ، ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. يەن دوتەيمۇ ئالدىغا

114 مۇئەللىپ بۇئۇرۇشتا ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ مۇجاھىدلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان چېغىدا دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقى سەللىسىگە تېگىپ، سەللىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن. كېيىن، بۇسەللىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆرسىتىپ: «قاراڭلا، بۇئوق بىرئىلىك تۆۋەنگەرەك تەككەن بولسا مەن ئۇ كۈن شېھىت بولغان بۇلاتتىم» دېگەن (ن. ش. ھ.).

ئۈچىرىغاننى ئۆلتۈرۈپ، كەنتلەرگە ئوت قويۇپ، مىڭ تەسلىكتە يەركەنگە يېتىپ بارالدى.

گۇما پاجىئەسىنى ئاڭلاپ، 1933- يىلى3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، نۇرئەھمەد ئاخۇن ۋە سۇبىغۇتۇللا مۆلىۋىنى، ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن گۇما ۋە قاغىلىقتىكى مۇجاھىدلارنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتتۇق. بۇلار يېتىپ بارغىچە، يەن دوتەي يەركەنگە كەلگەنىكەن. قەشقەردىن ئۇنىڭغا ياردەم ئۈچۈن خېلى كۆپ ئەسكەر كېلىپ، يەركەندە زورىبىر دۈشمەن قوشۇنى توپلانغان. قۇۋۋەتلىرىمىز قۇربان ھېيت كۈنى قاغىلىققا باردى. بۇ ئەسنادا پۇسكام خەلقى قوزغۇلۇپ، شەھەرنى پەتھى قىلىپ، قاغىلىق مۇجاھىدلار بىلەن بىرلىكتە يەركەن دەرياسى بويىغا توپلانغانىدى. نۇرئەھمەد ئاخۇن ئۆزى بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن قاغىلىقتا قېلىپ، مۆلىۋى سۇبىغۇتۇللا قوماندانلىقىدا يەركەنگە ئەسكەر يوللىدى. بۇلار يەركەن شەھىرىنى ئوڭايلا ئالغان بولسىمۇ، يېڭى شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا مۆلىۋى سۇبىغۇتۇللا شېھىت بولدى. لېكىن، مۇجاھىدلار تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، دۈشمەننى چېكىندۈردى. مەغلۇپ بولغان دۈشمەن يېڭى شەھەر سېپىلىگە كىرىۋالدى. نۇر ئەھمەد ئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال قاغىلىقتىن يەركەنگە يۈرۈش قىلىپ، يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

يەركەنگە ياردەم قوشۇنى ئەۋەتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلچى شەھىرىنى پايتەخت قىلىشنى قارار قىلدۇق. ھىجرى 1350- يىلى زۇلھەججىنىڭ 5 - كۈنى، (مىلادى 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11- كۈنى) ئىنقىلابى تەشكىلاتنىڭ مەركىزى قارقاشتىن خوتەن ئىلچى شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىندى. ئەرتىسى خوتەننىڭ كاتتىلىرى يىغىلىپ مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمغا بەيئەت قىلدى ۋە ئۇنى «مىلىك» ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى. (خەلق ئىچىدە مىلىك ھەزرىتىم دەپ ئاتالدى). شۇنىڭ بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

يەركەندىكى چىن قۇۋۋەتلىرى كۆپ ۋە يەركەن يېڭى شەھەر سېپىلى بەك چوڭ ۋە مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۈچۈن، يەركەنگە يەنە ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىش لازىم بولدى. زۇلھەججىنىڭ 20 - (4 - ئاينىڭ 26 -)كۈنى، ئابدۇللا ئاخوننىڭ قوماندانلىقىدا يەركەنگە يەنە بىر مىقدار ئەسكەر ئەۋەتتۇق.

**يەركەننىڭ پەتھى .**

نۇرئەھمەد ئاخۇن يەركەنگە كەلگەندىن كېيىن، يەركەننىڭ يېڭى شەھەر سېپىلىدىن باشقا پۈتۈن شەھەر خوتەن ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغانىدى. ئابدۇللا ئاخۇننىڭ يەركەنگە كېلىشى بىلەن يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. مېنىڭ بۇ ئىككى ئىنىمغا خوتەن ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن «ئەمىر»

ئۇنۋانى بېرىلدى. خەلق ئارىسىدا ئابدۇللا ئاخۇن «ئەمىرساھىپ» ۋە نۇرئەھمەد ئاخۇن «شاھ مەنسۇر» دېگەن ئۇنۋان بىلەن مەشھۇر بولدى[115]. مەن بۇ كىتابىمدا ئۇلارنى «ئەمىر» ئۇنۋانلىرى بىلەن ئاتايمەن.
ماجىسا مارالبېشىغا كەلگەندە، مارۇلۇك لەنجاڭ (يۈزبېشى) نى يۈزگە يېقىن تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن كۆرۈنۈشتە ياردەم ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە بولسا جاسۇسلۇق قىلىش ۋە يەركەننىڭ ئولجا ـ غەنىمەتلىرىگە شېرىك بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. ئەمىر ئابدۇللا ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد بۇ تۇڭگانلارنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرماي، «مېھمان» سۈپىتىدە كۆزىتىش ئاستىدا تۇتۇپ، بۇلارنى قەشقەرگىمۇ ماڭغۇزماي تۇتۇپ تۇردى.
بۇ چاغدا ئەمىر ئابدۇللا، قەشقەرگە بىرھەيئەت ئەۋەتىپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن. ۋە ئادىمگەرچىلىك قىلىپ، ھەر ئىشتا ئۆز ئارا ياردەملىشىپ تۇرۇشنى ئېيتقانىكەن. تۆمۈرسىجاڭ بۇنى ياردەم تەلەپ قىلىش دەپ چۈشىنىپ، ھاپىز تەنجاڭنى ئۈچ يۈز ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىپتۇ. بۇئىشتىن خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچ خەۋىرى يوقتى.

بىرتەرەپتىن يەركەن مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى ۋە يەنە بىرتەرەپتىن قەشقەر دىكىلەر بىلەن ئارىمىزدا سىياسى بىر ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلماقتا ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ ياكى سابىت داموللاھاجىمنىڭ يەركەنگە بېرىشىنى ئۇيغۇن كۆردۇق. چۈنكى، بىز خوتەندە تۇرۇپ، ئەمىر ئابدۇللا(25 ياش) ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد (22 ياش) لەرنىڭ ياشلىق سەۋەبىدىن بىركەمچىلىك ئۆتۈپ قالغانمىكىن دەپ گۇمان قىلغاندۇق.

مېلىك (مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم) نىڭ تەسدىقى بىلەن، خوتەن ھۆكۈمىتى نامىدىن سابىت دامۇللاھاجىم بۇ ۋەزىپىگە تەيىن قىلىندى. دامولla ھاجىم، سەپەر ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى(مىلادى 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) يولغا چىقتى. داموللاھاجىم يەركەنگە بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يەركەندىكى چىنلىقلار سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، خوتەندىكى شەرتلەرگە ئوخشاش شەرتلەر ئاستىدا تەسلىم بولۇشنى قوبۇل قىلىپ، كېلىشىم تۈزۈلگەنىكەن.

سابىت دامولla ھاجىمنىڭ يەركەنگە يېقىنلاشقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ، يەركەننىڭ مۇھاسىرىسىگە مەسئۇل بولغان قوماندانلىرىمىزنىڭ كۆپى دامولla ھاجىمنى مۇراسىم بىلەن قارشى ئېلىش ئۈچۈن، شەھەرسىرتىغا چىقىپتۇ. يەركەندىكى قىسىملىرىمىز قوماندانسىز قاپتۇ. بىز يۇقىرىدا سۆزىنى قىلىپ ئۆتكەن تۇڭگانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال ياراغلىنىپ يېڭى شەھەر تەرىپىگە قېچىپتۇ.

115 شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى جەريانىدا بەزى جايلاردا مىللىي رەھبەر ۋە ئەسكىرىي قوماندان ئۇنۋانلىرى چىنچە ئىدى. مەسىلەن: رەئىسنى «جۇشى» قوماندانىنى «سىلىڭ» دەپ ئاتاشقانىدى. خوتەن ئىنقىلابچىلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتالغۇلارنى قوللانغان. مەسىلەن: رەئىس ياكى ھۆكۈمدارنى ئەرەبچە« مېلىك» قوماندانلىرىنى «ئەمىر» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىغان. «ئەمىر ساھىپ»، «شاھ مەنسۇر» دېگەن ھۆرمەتلىك قوماندان، غالىپ قوماندان دېگەن مەنىدە (ن.ش. ھ.).

ئۇلارئالدىنى توسقان ئەسكەرلىرىمىزدىن بىرقانچىسىنى شېھىت قىلىپ، يېڭى شەھەر سېپىل ئىچىدىكى چىنلىقلارنىڭ يېنىغا كىرىۋالدۇ. سېپىل ئىچىدىكى تەسلىم بولماقچى بولغان چىنلىقلارنى ئازدۇرۇپ، «قەشقەردە ماجىسا نۇرغۇن ئەسكىرى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ، يېقىندا يەركەنگە يېتىپ كەلمەكچى» دەپ، ئۇلارنى سۈلھى قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇش باشلاندى. تۇڭگانلارنىڭ كۆشكۆرتۆشى بىلەن غەربى دەرۋازىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ ئۈستىگە ۋە بىرقېتىم كونا شەھەرگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ چىقىمغا ئۇچراتتى. لېكىن، بۇ ئىككىلا ھۇجۇمدا دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ، يەنە سېپىلگە قامالدى.

مۇھاسىرە بۇ شەكىلدە ئون بەش كۈن داۋام قىلغاندىن كېيىن، تۇڭگانلارنىڭ سۆزى يالغان چىققانلىقىدىن چىنلىقلار يەنە سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چىنلىقلار ۋە تۇڭگانلار پۈتۈن قورالىرىنى ۋە خەزىنىنى تاپشۇرۇش، پەقەت ئات ـ قامچى قەشقەرگە كېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنىش شەرتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى.

شۇنداق قىلىپ، 1933- يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17- كۈنى، يەركەن بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتتى. ئەتىسى، چىنلىقلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ بۇ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ، قورال ۋە خەزىنىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى يوشۇرۇۋېلىپ، ئۆزى بىلەن قەشقەرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. ئەمىر ئابدۇللا، بۇلارنى بىلمەسلىككە سېلىپ، تۇڭگان ۋە چىنلىقلارنىڭ سېپىلدىن چىقىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى. شۇنداقلا، تۆمۈر سىجاڭغا ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ، بۇلارنى يولدا يوقىتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىككى مىڭغا يېقىن چىنلىق ۋە تۇڭگان قەشقەرگە قاراپ ماڭدى.

ئارقىسىدىن ئەمىر نۇر ئەھمەت مىڭ كىشى بىلەن قوغلاپ، ئاق رۇبات بىلەن قىزىلنىڭ سېيىدا ئارقىسىدىن يېتىشتى. ئۇرۇش باشلىنىپ، دۈشمەننىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى. قالغانلىرى قېچىپ، قىزىلغا بارغاندا تۆمۈر سىجاڭ بۇلارنى توساشقا ئەۋەتكەن تۆت يۈزكىشىلىك قوۋۋەت يېتىپ كېلىپ، دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ يوقاتقىلى باشلىدى. تۇڭگانلارنىڭ قوماندانى مارۇلۇڭ ئەسىرگە ئېلىندى. بۇيەردىن قېچىپ قۇتۇلغانلارنى يېڭىساردا ئەھمەت خان تەنجاڭ تامامەن يوقاتتى. پەقەت بىر تۇڭگان قېچىپ قۇتۇلۇپ قەشقەردىكى ماجىساغا ۋەقەنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن ۋىلايىتى تولۇق پەتھى بولۇپ، رەسمىي خوتەن ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولدى.

4- پەسىل

## قارا شەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋەقەلىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، ماشىمىن، قاراشەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، كورلىدىكى چىن ئەسكەرلىرى ۋە چارقىلىق بىلەن لوپنۇردىن قېچىپ كەلگەن چىن ئەسكەرلىرى كورلىغا يىغىلىپ، خېلى كۈچلۈك بىر قوشۇن تويلىنىپ تورغانىدى. توختى بەگ، شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرىدا كورلىغا ھۇجۇم قىلدى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن، شەھەرنى ئېلىپ، چىن ئەسكەرلىرىنى سېپىل ئىچىگە مۇھاسىرە قىلدى. مەغلۇپ بولغان چىن قوماندانى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. باشلىقسىز قالغان چىن ئەسكەرلىرى ئىنقىلابچىلارغا تەسلىم بولدى. ماشىمىن، 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مالۇجاڭ دېگەن تۇڭگان ۋە تۆمۈربەگ دېگەن كۇچالىق (ئەسلى تۇرپانلىق) تۈرك قوماندانلارنىڭ باشچىلىقىدا كۇچاغا ئەسكەر يوللىدى. بۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن كۇچا خەلقى قوزغالدى. ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ، چىن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىگە ئالدى. 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سېپىلنىمۇ، ئالدى. ئۇندىن كېيىن، ماشىمىن، ماجىسانىڭ قوماندانلىقىدا بىرەرمىڭ تۇڭگان ئەسكەرنى كۇچاغا ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇدى. ماجىسانى باش قۇماندان ۋە ئەسلىدىكى كۇچا ۋاڭىنى ھاكىم قىلدى. بۇ ئارىدا ماشىمىن ۋە مالۇجاڭ خوتەنگە بەزى مەنىسىز تەشۋىق بىلەن خەت ئەۋەتكەنىدى.

بىز ئۇلارنىڭ خەتلىرىگە مۇناسىپ جاۋاپ بەرگەنىدۇق. تۇڭگانلار بىزگە ھەسەت بىلەن مۇئامىلە قىلىسىمۇ، ۋاڭ بەگ بىزگە يۇشۇرۇن ھالدا بەك ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ماجىسا ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. قارا يۇلغۇن دېگەن جايغا كەلگەندە ئاقسۇ دوتىيى ئەسكەر بىلەن كېلىپ، قاتتىق ئۇرۇش بولدى. تۇڭگانلار قېچىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە تۈرك قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تۆمۈربەگنىڭ غەيرەت بىلەن قىلغان ھۇجۇمى نەتىجىسىدە چىنلىقلار مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. دوتەي قېچىپ كېتىۋېتىپ، جام كەنتىدە بازارغا كەلگەن بىگۇنا خەلقتىن بىرەر يۈزدەك كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاقسۇغا كەلدى. ئۇيەردىمۇ تۇرالماي ئاقسۇق شەھىرىگە كېلىپ، ئەسكەرلىرىنى توپلاپ تۇردى.

ماجىسا ئاقسۇنى ئۇرۇش قىلمايلا ئالدى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن ئاقسۇقا ھۇجۇم قىلدى. ئاقسۇ دوتىيى، تاقابىل تۇرالماي قەشقەرگە قاچتى. شەھەردە قالغان چىنلىقلار ئازراقلا قارشىلىق كۆرسىتىپ، تەسلىم بولدى. ئاقسۇخەلقى، يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان ئىسمائىل باي ئىسىملىك كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوراللىنىپ، ئاقسۇق ئۇرۇشىغا قاتناشتى ۋە چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.

ماجىسا ئاقسۇغا كېلەر - كەلمەي ياردەمچىسى «جۇفۇگەن» دېگەننى بىرخەت بىلەن خوتەنگە ئەۋەتتى. جۇفۇگەن 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خوتەنگە كەلدى. خەتتە، بىزدىن «خوتەندە قانچىلىك قورال -

ياراق بار، خەزىنىدە قانچىلىك بايلىقىڭلار بار؟» دېگەنگە ئوخشاش بىرقانچە خىل مەنىسىز سوئال سورالغانىدى. ماجىسانىڭ ئەسلى مەقسىدى، جۇڧۇگەن ئارقىلىق خەۋەر ئىگەللەش ئىكەنلىكى ئۇچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا يارىشا بىر ئاز ئادىمگەرچىلىك قىلىپ، جاۋاپ يېزىپ، ئادەتتىكى بىرھەيئەتتىن ئەۋەتىپ، ئۇتەرەپتىكى ئەھۋالنى تىلك ـ تىڭلىدۇق. مانا، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تۇڭگانلار بىلەن قىلىشقان ئالاقىسىمۇ شۇنچىلىكلا بولدى.

ماجىسا، 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، تۆمۈربەگنى ۋە بىرقىسىم تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى قەشقەرگە يوللىدى. قەشقەر ۋالىيسى ما دوتەي ئەسكەرلىرىنى ئىككىگە ئايرىپ، بىرقىسمىنى يەركەنگە يوللىدى ۋە يەنە بىرقىسمىنى مارالبېشىنىڭ شىمالىدىكى ناھايىتى مۇستەھكەم تەبئىي ئىستېھكام شارائىتىگە ئىگە «تومشۇق تاغ» ۋە «ئوقۇرمازار تاغ» دېگەن يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇندىن باشقا يەنە، قەشقەر تاغلىرىدىكى قىرغىزلاردىن بىرەر مىڭدەك ئەسكەر ئېلىپ، ئۇلارنىمۇ شۇيەردە تۇرغۇزۇپ، ماجىسانىڭ ئالدىنى زور بىر قوشۇن بىلەن توساپ تۇردى. تۆمۈربەگ ۋە تۇڭگانلار تومشۇق تاغقا كەلدى. بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش بولدى. يىگىرمە بەش كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن بىر نەتىجە چىقماي، ئاخىرى، ماجىسا، ئىسمائىل بەگنى ئاقسۇغا ۋالىي ۋە مالۇجاڭنى ئەسكەرلەرگە قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پۈتۈن كۈچىنى ئېلىپ تومشۇققا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ماجىسا تومشۇق تاققا كەلگىچە، مارالبېشى ۋە سېرىق بۇيا خەلقى قوزغىلىپ، چىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن چىن ئەسكەرلىرى قاچتى. چىن ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى قىرغىز ئەسكەرلەر ئوسمان ئەلى بەگ ۋە خوش مەھەممەد بەگلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چىنلىقلاردىن ئايرىلىپ چىقتى ۋە قەشقەرگە ماڭدى. بىرھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، مادوتەينى مەغلۇپ قىلىپ قەشقەر كونا شەھەرنى پەتھى قىلدى.

مارالبېشىدا، ماجىساغا قارشى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان چىن ئەسكەرلىرى يوقىرىقى خەۋەرنى ئاڭلاپ، پاراكەندە بولۇپ قاچتى. نۇرغۇن چىن ئەسكىرى قوماندانى بىلەن بىللە تۆمۈر بەگكە ئەسىر چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ماجىسا ھېچبىر توسالغۇسىز قەشقەرگە كەلدى. ماجىسا قۇۋۋەت جەھەتتە ئۈستۈن بولغانلىقتىن قىرغىزلار ئۇنىڭغا بويسۇندى. نەتىجىدە، قەشقەر تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. قەشقەر يېڭى شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىندى. مەنىۋي جەھەتتە ئىنتايىن چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن چىنلىقلار، قارشى چىقماستىنلا تەسلىم بولدى ۋە ئاخىرى قەشقەر يېڭى شەھەرمۇ ئېلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 20 لىرى ئەتراپىدا قەشقەر تامامەن تىنچىدى. بۇ ئارىدا، قەشقەرخەلقى، قىرغىز ۋە مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن بولۇپ، بىرنەچچە مىڭ كىشى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن مۇجاھىدلار سېپىگە قېتىلىپ، تۆمۈر بەگ ۋە ئوسمان ئەلى بەگلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بىرلەشتى.

تۇرپان ئىنقىلابىدىن تارتىپ، تۇڭگانلار ئۇرۇشتا ئالدىنقى سەپكە تۈركلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى

سەپىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى. دۈشمەن تۈركلەر بىلەن ئېلىشىپ، مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن، تۇڭگانلار ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئىلىجا ۋە دۈشمەننىڭ قورال ـ ياراقلىرىنى ئۆزلىرى ئالغىلى باشلايتتى. ھۆكۈمدارلىق ۋە ھوقۇقنىڭ ھەممىسى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا ئىدى. پۈتۈن پىداكارلىقنى قىلىدىغان تۈركلەرگە ھېچ نېسىۋە بېرىلمەيتتى. بەش مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرى بولغان تۆمۈربەگنىڭ ئەسكىرىي ئۇنۋانى«تۆەنجاڭ» يەنى، تۈركچە «مىڭبېشى» ئىدى. تۆمۈربەگ ۋە قول ئاستىدىكىلىرى تۇڭگانلارنىڭ بۇ ئىنساپسىزلىقىغا ۋەزىيەتنىڭ ئىنچىكىلىگىدىن ئىلاجسىز سەۋرى قىلىپ كەلگەنىدى. قەشقەر ئېلىنغاندىن كېيىن، تۇڭگانلار تۆمۈربەگنى بىرئاز خوش قىلىشنى ھېس قىلىشتى ۋە تۆمۈربەگنى بىردەرىجە ئۆستۈرۈپ «لۇجاڭ» قىلىپ قويىدى. تۆمۈربەگنىڭ ئادەملىرىدىن ھاپىز، ئەھمەد بەگ، ھەمدەم بەگ، كىچىك ئاخۇن، ئوسمان ئەلى ۋە خوش مەھەممەد لەرنىمۇ بىرەر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈپ « تۆەنجاڭ» قىلىپ قويىدى. ئەمما، بايلىقى ناھايىتى كۆپ بولغان قەشقەر خەزىنىسىدىن ۋە ئىلىجا ئېلىنغان قورال ـ ياراقتىن تۆمۈربەگكە قانائەتلەنگىدەك نېسىۋە بەرمىدى. تۈركلەر ھەرنەرسىدە ئوخشاش ھەققىمىز بار دەپ، داۋا قىلدى ۋە ئوتتۇرىدا توقۇنۇش چىقتى. نەتىجىدە، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ، يېڭى شەھەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى. تۆمۈربەگ سىجاڭ يەنى، «ئارمىيە قوماندانى» ئۇنۋانى بىلەن ئۆزىنى قەشقەر ھۆكۈمدارى ئېلان قىلدى. لېكىن، تۆمۈر سىجاڭ، تۇڭگانلارنى جىددى تۈرۈپ بىرتەرەپ قىلماي، شۇنچىلىكى بىلەن قانائەتلەندى. كېيىنچە تۇڭگانلاردىن ئېلىنغان بىر مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەگەر، تۆمۈرسىجاڭ تۇڭگانلارنى قاتتىقراق بىرمۇھاسىرىگە ئالغان بولسا، تۇڭگانلار پۈتۈن قورالLىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا تەييار بولغانىكەن. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ ھەقتە نېمە دەپ ئويلىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئەمما، تۆمۈر سىجاڭغا يېقىن بىر كىشىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگىنىگە قارىغاندا، تۆمۈر سىجاڭ، «قارا ـ شەھەردە تۇڭگانلارنىڭ كۈچى كۆپ. بىز تۇڭگانلارنى بۇنىڭدىن بەكرەك ئەزسەك، قارا ـ شەھەردىكى تۇڭگانلار كېلىپ، بېشىمىزغا بالا بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. يەنە بىرسىنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىگە قارىغاندا، تۆمۈرسىجاڭ، « قىرغىزلار ۋە خوتەنلىكلەر بىلەن ئارىمىز بۇزۇلۇپ قالسا، مەن تۇڭگانلاربىلەن ئەپلىشىپ، ئۇئىككىسىنى مەغلۇپ قىلىمەن» دېگەن. ئۇندىن باشقا، خوتەنلىك بىر كىشىگە، «تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشىمەن دەپ، ئەسكەرلىرىمنى زايا قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار مۇھاسىرىگە ئېلىندى. ئاچلىق ۋە باشقا قىيىنچىلىققا چىدىيالماي، بىركۈنى تەسلىم بولماقتىن باشقا چارىلىرى يوق» دەپ، ئېيتىپ بەرگەنىكەن. تۆمۈر سىجاڭنىڭ تۇڭگانلارغا قارىتا تۇتقان سىياسىتىدىكى بۇخاتا ھېساپىنىڭ، ئازاتلىق كۈرىشىمىز ئۈچۈن بەرگەن زەربىسىنى ئۆلچەشنى، شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارغا ھاۋالە قىلىمەن. تۆمۈرسىجاڭنىڭ بۇ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ھادىسىلەرنى تۆۋەندە، يېرى كەلگەندە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

5 ـ پەسىل

## ئالتاي، چۆچەك ۋە غۇلجا ئىنقىلابلىرى

شەرىپ خان، ئالتاي قازاقلىرىنىڭ يەرلىك بەگلىرىدىن بولۇپ، كىچىك چېغىدا چىنچە مەكتەپتە ئوقۇغانىدى. ئالتاينىڭ بەزى جايلىرىدا شەنجاڭ (هاكىم) بولغان ۋە قازاقلار ئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بارىكۆل قازاقلىرى ئىنقىلاب قوزغىغاندا، جىن شۇرېن قازاق بەگلىرىدىن گۇمانلىنىپ، بىرقانچە قازاق بەگلىرىنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ قاماققا ئالغانىدى. شەرىپ خانمۇ شۇ قاماققا ئالغانلار ئىچىدە ئىدى.

3 ـ 4 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شەرىپ خان بىر هىيلە ئىشلىتىپ، تۈرمىدىن قېچىپ، ئالتايغا بېرىپ يېقىنلىرىنى توپلاپ، ئالتاي دوتېيى بىلەن ئۇرۇشتى. ۋىلايەت مەركىزى سارسۇمبىدىن باشقا ئالتاينىڭ پۈتۈن جايلىرىنى ۋە يايلاقلىرىنى تارتىۋالدى. ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇمۇلغا چىققاندا 2 ـ 3 يۈز تۇڭگان ئەسكىرىنى بارىكۆل يولى بىلەن ئالتايغا ئەۋەتكەن. بۇ ئىش شەرىپ خاننىڭ ماجۇڭيىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشى بىلەن بولغان بولمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. شەرىپ خان ماجۇڭيىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، سارسۇمبىغا هۇجۇم قىلىپ، دوتەيىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەهەرنى ئالدى. دوتەي روسىيە تەرىپىگە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالتاي شەرىپ خاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شەرىپ خان مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئۇندىن كېيىن، شەرىپ خان، بىرنەچچە يۈز قازاق ۋە ئىككى يۈز تۇڭگاندىن تەركىپ تاپقان بىرقوشۇننى چۆچەك چېگرىسىدا تۇرغۇزدى (23 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

شەرىپ خاننىڭ ئەسكەرلىرى چېگرىغا كەلگەندىن كېيىن، دۇربىلجىن شەهرى خەلقى ئىچىدە، «شەرىپ خان نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن چۆچەك ۋىلايىتىنى پەتهى قىلىش ئۈچۈن كەپتۇ!» دېگەن سۆز تارىلىپ، دوربىلجىن خەلقى بىردىن قوزغالدى ۋە شەرىپ خاننىڭ چېگرىدىكى ئەسكەرلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇ ئەسكەرلەرمۇ دەرهال كېلىپ، دۇربىلجىنغا هۇجۇم قىلدى. چىن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، چۆچەككە قاچتى ۋە دۇربىلجىن ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇخەۋەر چۆچەكتە، «شەرىپ خان كېلىپ، دۇربىلجىننى پەتهى قىپتو» دەپ تارىلىپ، 1933- يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چۆچەك خەلقى بىردىن ئىنقىلاب قوزغاپ چىقتى. شەهەردىكى چىن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، شەهەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇستەهكەم سېپىلغا كىرىۋالدى. ئىنقىلابچىلار سېپىلنى مۇهاسىرىگە ئالدى. بۇ هالەتتە تۇرغاندا دۇربىلجىندىكى ئەسكەرلەرمۇ يېتىپ كەلدى. چۆچەك خەلقى بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرىپ خان ياكى باشقا، ئۇلار بىلىدىغان ئىنقىلاب رەهبەرلىرىنىڭ يوقلىقىنى،

بۇلارنىڭ باشباشتاق قازاق ۋە تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆپ ئۈمىدسىزلىنىپ پۇشمان قىلدى. ئەمما، پۇشمان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوقتى. ئىنقىلابچىلار بۇئەسكەرلەربىلەن بىرلىشىپ، سىپىلگە ھۇجۇم باشلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دوتەي ۋە لۇجاڭ تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولۇپ، كېلىشىم تۈزۈشكە قارار قىلىنغان بىر پەيتتە، ئۈرۈمچىدىن ماشىنىلار بىلەن زور بىر قوشۇن يېتىپ كېلىپ، مۇجاھىد لارنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرنى تارتىۋالدى.

يۇقىرىدىمۇ سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ كۈنلەردە شېڭشىسەي، ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۈرۈمچى ۋە چۆچەك ئوتتۇرىسىدىكى توسۇلۇپ قالغان يولنى ئاچقانىدى. چۆچەككە كەلگەن ياردەم قوشۇنى توپ ۋە پىلىمۇتلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، چۆچەك ئىنقىلابچىلىرى قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، تاقابىل تۇرالماي ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولدى. دۈشمەن چۆچەك خەلقىنى بىرقانچە كۈن ئۇدا قىرغىن قىلدى. نۇرغۇن خەلق شېھىت بولدى، ساق قالغانلار شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ، گۈزەل چۆچەك شەھىرى تامامەن ۋەيران بولدى. شۇنىڭ بىلەن چۆچەك يەنە شېڭشىسەينىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئىنقىلاب نەتىجىسىز قالدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ماجۇڭيىڭ 6 ـ ئايدا ماناس ۋە شىخۇنى ئىگەللەپ، ئۈرۈمچى ۋە ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى يولنى ئۈزۈپ تاشلىغاندا ئىلىدىكى چىن قوۋۋەتلىرىنىڭ باش قوماندانى جاڭ بەيۋەن (بەي زىخۇي) مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، جىن شۇرېن تەرەپتارلىرىنى يوقاتقانىدى. ئۇ ئىلىدىكى تارانچى ۋە تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنى خۇاسىلىڭ ئۇنۋانى بىلەن ئاتاپ، شېڭشىسەي بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى. غولجا ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە جەريانى بۇلاردىن ئىبارەت. دېمەك، غولجىدا يۈزبەرگەن بۇ ھەرىكەت بىرمىللىي ئىنقىلاب بولماستىن، غولجا ۋىلايىتىنىڭ بىرچىنلىقنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىشتىن ئىبارەت بىر ھەربىي ئۆزگىرىش ئىدى.

6 ـ پەسىل

## ئالتى شەھەردە تۇڭگانلارنىڭ يوقىتىلىشى ۋە تۆت مۇستەقىل ھۆكۈمەت

خوتەن ھۆكۈمىتى، خاس مىللىي خاراكتېرگە ئىگە ئىنقىلاب نەتىجىسىدە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، تۇڭگانلاردىن پۈتۈنلەي پاك ۋە مۇستەقىل شەكىلدە قۇرۇلدى. بۇلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. تۆمۈرسىجاڭنىڭمۇ قەشقەردە تۇڭگانلارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ،مىللىي مۇستەقىل ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئاقسۇ، كۇچادا، ئىسمائىل بەگ ۋە ۋاڭ بەگلەر مىللىي ھۆكۈمدار لار بولسىمۇ، ئۇلار تۇڭگانلارنىڭ قول ئاستىدىكى ھاكىم سۈپىتىدە ئىش بېجىرمەكتە ئىدى. قاراشەھەر ۋە كورلا تۇڭگانلارنىڭ قولىدا بولۇپ، لۇپ ۋە چارقىلىقمۇ تۇڭگانلار قولىدا ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن سەۋەبلەرتۈپەيلىدىن، ماجۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال باشقا جايلاردىكى مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ تۇڭگانلارنى يوقىتىشقا ئاتلانغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇخەتلەردىن خوتەنگە كەلگەن خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: «بىز قۇمۇلدىن مىللەتنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىقىپ، تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنى قەتلىئام بالاسىدىن قۇتقازدۇق. ھازىر ئەڭ يامان دۈشمىنىمىز بولغان تۇڭگانلارنى يوقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. ھازىرچە، ئۈرۈمچى بىلەن تۇڭگانلارنى يوقىتىپ بولغىچە بىر كېلىشىم تۈزدۈك. سىلەرگە شۇنى بۇيرۇق قىلىمەنكى، تەۋەلىكىڭلاردىكى جايلاردا قوراللىق تۇڭگانلار بولسا، ھەممىسىنى يوقىتىڭلار، چۈنكى، بۇلار غايەت ئىنساپسىز، بۇلاڭچى ۋە مىللىتىمىزگە دۈشمەن بىرخەلقتۇر. بىزنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكىمىزدىن بەدگۇمان بولماڭلار. چۈنكى، بۇكېلىشىم ۋاقىتلىق بىر كېلىشىم. يۇرت ئۆزىمىزنىڭ . ئۇنى ھەرگىزمۇ خىتاينىڭ قولىدا قويمايمىز....»

بۇ يول بىلەن، خوجىنىياز ھاجى، تۇڭگانلارنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللەتنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە ئۇچرايدىغان ئىشتىن، يەنى، ماجۇڭيىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىغا پۇشمان بولغانلىقىنى بىلدۈرگەندى. شىڭشىسەي بىلەن پۈتۈشكەنلىكىنى پەدەزلەپ كۆرسەتمەكچى بولغان. باشقىلارغا يازغان خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلمىسەكمۇ، تۇڭگانلارنى يوقىتىش تەلەپ قىلىنغانلىقى مەلۇم. نەتىجىدە، ئىسمايىل باي ۋە ۋاڭ بەگلەر ئۆز تەۋەلىرىدىكى تۇڭگانلاردىن بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى قاماققا ئېلىپ، يۇرتلىرىنى تۇڭگانلاردىن تازىلىدى. بولۇپمۇ، ئىسمايىل بەگ بەش مىڭدەك بىر مىللىي قوشۇن توپلاپ، كورلا ۋە قارا شەھەردەرياسى بويىغىچە ئىلگىرىلىدى. قاراشەھەر تاغلىرىدىكى قالماقلار ماشىمىن بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى. نەتىجىدە ماشىمىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ قالماقلار شەھەرنى ئالالمىدى. قاراشەھەرنىڭ تاغلىق قىسىملىرى قالماقلارنىڭ قولىدا ۋە شەھەر بولسا يەنە تۇڭگانلارنىڭ قولىدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئالتى شەھەردە تۆۋەندىكى تۆت مۇستەقىل ھۆكۈمەت بارلىققا كەلدى:

(1) يەركەندىن چەرچەنگىچە بولغان جايلاردا، خوتەن ھۆكۈمىتى؛

(2) يېڭىساردىن تۇمشۇق تاققىچە بولغان جايلاردا، قەشقەر ھۆكۈمىتى؛

(3) تۇمشۇق تاغدىن بايغىچە بولغان جايلاردا، ئاقسۇ ھۆكۈمىتى؛

(4) بايدىن قارا شەھەر دەرياسى بويىغىچە بولغان جايلاردا، كۇچا ھۆكۈمىتى(23 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

بۇتۆت ھۆكۈمەتتىن، كۇچا ھۆكۈمدارى ۋاڭ بەگ ۋە ئاقسۇ ھۆكۈمدارى ئىسمايىل بايلار7- ئاينىڭ ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. تۆمۈرسىجاڭ كۆرۈنۈشتە خوجىنىياز ھاجىنى بىر مىللىي باشلىق دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ باشلىق بولسا مەنمۇ بىر باشلىق دەپ، مەغرۇرلانماقتا ئىدى. خوتەن ھۆكۈمىتى،

خوجىنىياز ھاجىنى ھەممىدىن بۇرۇن قوزغالغان ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى ۋە ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى تۇرۇۋاتقان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارىتا بىر سەممىي ھۆرمەت ھىسسىياتى ئىچىدە ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى، قابىلىيىتى ۋە سىياسى يولى ھەققىدىكى تەپسىلاتىنى بىلمىگەنلىكتىن، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ، خوجىنىياز ھاجىنى بىر ئومۇمىي ھۆكۈمدار دەپ، تونۇش تونۇماسلىق توغرىسىدا قەتئىي بىرقارارى يوقتى. ئالتاي ھۆكۈمدارى شرىپ خانمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى جايلاردا تۇغۇلغانلارنى يوقاتتى. خوجىنىياز ھاجىغا ئىتائەت قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتىمىز يوق.

7 - پەسىل

## چىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەنلىكى

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىگە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالماقتا ئىدۇق. لېكىن، چىن مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇن ئەۋەتىشكە قۇدرىتى يەتمەيتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىرلەشكەن تەقدىردە، ئۇنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايتتى. شەرقىي تۈركىستان چىن خەرىتىسىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزىگە مەخسۇس بىر رەڭگە كىرىدىغانلىقىدا ھېچ شۈبھە يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىن بۇ ۋەزىيەتنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆزەتمەكتە ئىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوجىنىياز ھاجىنىڭ، شېڭشىسەي بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت ئىنقىلابچىلارنىڭ زىيىنىغا قاراپ يۈز تۇتتى. بۇنى كۆرگەن چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىدە بىر ئاز ئۈمىد پەيدا بولدى ۋە ئىنگلىزلارنىڭ « پارچىلا ۋە ئىستىلا قىل» دېگەن سۆزى بويىچە شەرقىي تۈركىستاننى پارچىلاپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن بۇ يۇرتنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇشنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەت كۆرۈنۈشتە، خوجىنىياز ھاجىنى، شېڭشىسەينى ۋە جاڭ بەيۋەننى بىر- بىرلىرى ئىتىپاقلاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى تىنچىتىش ئۈچۈن خۇاڭ مۇسۇڭ (چىن ھەربىي شتاپىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) باشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستانغا بىر ھەيئەت ئەۋەتتى. بۇ ھەيئەت 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۈچ قىسىمغا بۆلدى. ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى بىر ۋىلايەت قىلىپ ئايرىپ، شېڭشىسەينىڭ ئىدارە باشقۇرۇشىغا بەردى. شېڭشىسەي بۇرۇنقىدەك «دوبەن» ئۇنۋانى بىلەن تۇرىدىغان بولدى. تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى «نەن جاڭ» يەنى جەنۇبى ۋىلايەتلەر دەپ ئاتاپ، خوجىنىياز ھاجىغا بەردى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇنۋانى«نەنجاڭ باۋۋبي زۇڭسىلىڭ»، يەنى، جەنۇبىي ۋىلايەتلەرنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ساقلاش باش قوماندانى بولدى. غولجا ۋىلايىتىنى ئالاھىدە بىر

ۋىلايەت قىلىپ ئايرىپ، جاڭ بەيۋەننىڭ ئىدارە قىلىشىغا بەردى. ئۇنىڭغا«خۇا سىلىڭ ياكى خوسىلىڭ» يەنى، ئىلى خونىڭ قوماندانى دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. چىنلىقلارنىڭ ئىلىنى «ئىلىخو» دەپ ئاتىغانلىقىنى يازغان ئىدۇق.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ، شېڭشىسەي ۋە خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ھېچقايسىسىغا «جۇشى» ئۇنۋانىي بەرمەي، قوماندان ئۇنۋانى بېرىپ، يۇرتنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ، ئىدارە قىلىشتىكى مەقسىدى، ئۇزۇندىن بېرى مەركەزنىڭ كونتروللىدىن چىقىپ كەتكەن شەرقىي - تۈركىستاننى بىر - بىرلىرىگە رەقىپ ئۈچ كىشىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۇرۇمچىگە مەركەزلەشكەن تەسىرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئىدى. بۇيەردە مەركەزنىڭ نۇپۇزىنى كۈچلەندۇرۇشتىن ئىبارەت بىرسىياسى ئويۇننىڭ ئوينىلىۋاتقانلىقىنى مۆھتەرەم كىتابخانلار ياخشى چۈشەنگەن بولسا كېرەك. بۇ تەقسىم قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ «شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق ھەققى يوق بىر ئوغرى» دەپ ئېلان قىلىندى ۋە مەزكۇر «ئۈچ ھۆكۈمدار » غا ماجۇڭيىڭنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلىندى. ماجۇڭيىڭ قوغلانسا، خوجىنىياز ھاجىنىمۇ پەيتى كەلگەندە يوقىتىپ، مىللىي ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن. خوجىنىياز ھاجىغا چىندىكى بىرقىسىم ئىنقىلاب كاتىۋاشلىرىغا ۋاقتلىق بېرىلىدىغان «قوماندانلىق» ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى مەلۇم.

8 - پەسىل

## خوتەن قوشۇنلىرى بىلەن تۆمۈرسىجاڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بوزۇلۇشى

قەشقەردە ئەسكىرىي سەپتى بىلەن تۆۋەندىكى تۆت خىل قوراللىق كىشىلەر بار ئىدى:

1 - تۇڭگانلار، بۇلار باشقا قۇۋۋەتلەر بىلەن ئاشكارە دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە ئىدى.

2 - تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى، يەنى، تۇرپان،كورلا،كۇچا ۋە قەشقەردىن توپلانغان ئەسكەرلەر.

3 ـ قىرغىزلاردىن تەركىپ تاپقان ئەسكەرلەر.

4 - مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن تەركىپ تاپقان ئەسكەرلەر.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ تۇڭگانلاردىن باشقىلىرى تۆمۈرسىجاڭنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولسىمۇ، ھەربىرى ئۆز ئالدىغا بولۇپ، ئۆزلىرىدىن بولغان قوماندانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. بۇلار بىرەر قانۇن ياكى تەرتىپ ئىنتىزامغا باغلىق بولماستىن، بىرقوراللىق گورۇھ شەكلىدىكى ئىنتىزامسىزكىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەرخەلقى، بىركۈن بۇ قوراللىق گورۇھ ئۆز ئىچىدە ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ

ئۇرۇشدۇ. نەتىجىدە، قەشقەرخەلقى بۇلارنىڭ بولاڭ - تالىڭى ۋە قىرغىنچىلىقىغا دۇچار بولىدۇ دەپ، ئەندىشە قىلاتتى. شۇنداقلا تۆمۈرسىجاڭنىڭ قانۇن - تۈزۈمى بولمىغان تەرتىپ - ئىنتىزامسىز ھۆكۈمىتىدىن بەك نارازى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەركەن پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەرخەلقىنىڭ تولىسى خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىشنى خالىغان. قەشقەر ئالىملىرى ۋە باشقا يۇرت كاتتىلىرى، مەخپىي ھالدا ئادەم ئەۋەتىپ، سابىت داموللا ھاجىمنى ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەرگە كېلىشكە دەۋەت قىلماقتا ئىدى. قەشقەردىكى قىرغىز ئەسكەرلىرىدىن بىرقىسمىنىڭ قوماندانلىرىمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، بىزگە ئاشكارە ئادەم ئەۋەتتى ۋە لازىم كەلگەندە خوتەن ئەسكەرلىرىگە ياردەم قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرگەندى.

سابىت دامولاھاجىم، ئۆزى قەشقەرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بالدۇرراق قەشقەرگە بېرىپ، يا سۈلھى بىلەن يا ئۇرۇش بىلەن بۈچوڭ ۋە مۇھىم شەھەرنى خەتەردىن قوتقۇزۇپ، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ئورنىنى مۇستەھكەملەش پىكرىنى ئوتتورىغا قويدى. بىرقىسىم قەشقەر چوڭلىرىنىڭ ۋە قىرغىزلارنىڭ تەشۋىقلىرى دامولا ھاجىمنى بەك ئىشەندۈرۋەتكەندى. مېنىڭ ھەزرىتىم ۋە مەن، بۇئىشقا ئالدىرماسلىق، تۆمۈرسىجاڭ ۋە تۇڭگانلارغا تەڭ كېلەلىگىدەك كۈچىمىزنىڭ تېخى ھازىر بولمىغانلىقىدىن بىر ئاز پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشنى ياقلاپ، دامولاھاجىمنى توساپ تۇرۇشتا چىڭ تۇردۇق. لېكىن، دامولاھاجىم ئۆز پىكرىدە مەھكەم تۇرۇپ، بىزنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشماقتا ئىدى. مەسىلەن: قەشقەردىكى تەرەپتارلىرى بولغان كىشىلەرنىڭ قەشقەردىكى نۇپۇزلۇق زاتلار ئىكەنلىكىنى، ئەسكىرىي تەرەپتىن قوللايدىغانلارنىڭمۇ خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ھەتتا، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، بىز تەرەپتىن ئارتۇقچە بىر ئەسكىرىي قۇۋۋەت لازىم ئەمەس دەپ، كۆرسەتتى. شۇنداقلا، ھازىر قەشقەر ئىشى قاچىدىكى ئاشتەك تەييار بولۇپ قالغان،كېچىكىپ قالساق پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ دېگەنگە ئوخشاش دەلىللەر بىلەن بىزنى قائىل قىلىشقا تىرىشتى. بۇلاردىن باشقا، دامولا ھاجىم بىلەن قەشقەر ئارىسىدا ئالاقە قىلىۋاتقان بىركىشىدىن بىزگە بەزى ماتېرىياللارنى ئەۋەتتى. بۇكىشى بىزنى قائىل قىلىدىغان بەزى سۆزلارنىمۇ قىلىپ بەردى. بۇ تەشەببۇسلەر بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتىنى ئاخىرى ماقول قىلدى. نەتىجىدە، خوتەن ھۆكۈمىتى، قەشقەرگە ئۈزىنىپ، جايىدا بولغان بىر تاپا - تەنىگە قالدى ۋە تارىخ سەھىپلىرىگە يېزىلغۇسى ناھايىتى ئېغىر بىرخاتالىق ئۆتكۈزدى. چۈنكى، بۇئىش مىللىي ئىنقىلاب تېخى بىر نەتىجىگە ئېرىشمىگەن، مىللىي ئىنقلابى كۈچلىرىنىڭ قۇۋۋەتلىنىشى ناھايىتى زۆرۈر بولغان بىر زاماندا، ئىككى مىللىي قۇۋۋەتنىڭ ئىختىلاپىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى تەشكىللەنگەن خوتەن كۈچلىرى قاتتىق ئاجىزلاشتى ۋە خېلى كۈچ كۆرسىتىپ تۇرغان تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ، پۈتۈنلەي تۈگەشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىچكى كۈرەش بەش ئاي داۋام قىلىپ، دۈشمەنگە ھېچ

كۆتمىگەن يەردىن بىر پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، 7- ئاينىڭ 15 - كۈنى سابىت داموللا ھاجىم ۋە ئەمىر ئابدۇللا 2500 كىشىلىك بىر قوشۇننى ئېلىپ، يەركەنگە ماڭدى. ئۇلار تۆمۈرسىجاڭغا، « بىز قەشقەرگە يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن سىزگە ياردەم قىلىشقا بارىمىز. ئالتى شەھەردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ھازىرلىنىپ، قەشقەردىن دەرھال خوجىنياز ھاجىمنىڭ ياردىمىگە ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىمىز» دەپ خەت يازدى. 7- ئاينىڭ 18- كۈنى يېڭىسارغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىش لازىم بولغان بىر مەسىلە شۇكى، سابىت داموللاھاجىم، تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىك ئادىمى بولغان ھاپىز تەنجاڭنى بەش يۈز كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن ئارقىلىرىدا يەنى، يەركەندە قويۇپ ماڭدى. بۇئىشنىڭ قانچىلىك چوڭ بىر خاتالىق بولغانلىقىنى تۆۋەندە كۆرىمىز. داموللا ھاجىم ۋە ئەمىر ئابدۇللالار يېڭىسارغا كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىن شەھەر كاتتىلىرى ۋە ئۆلىمالار قارشى ئېلىشقا كەلدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ يىنىغا ئەسكەر ئالماي ماشىنا بىلەن يېڭىسارغا كەلدى. تۆمۈرسىجاڭ بۇسەپەردىن كۆپ قورققان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ سابىت داموللامغا قەشقەرگە بارماسلىقنى ئېيتتى. تۇڭگانلارنى يوقىتىشقا ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، بۇ ۋەزىپىنى دەرھال ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەر ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا يېڭىسار نىڭ شانىياز ئۆستىڭنى چېگرا قىلىپ بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلدى ۋە«چېگرىمىزنى بەلگىلەۋېلىپ، تۇڭگانلارنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن بىرلىشىش مەسىلىمىزدە ھېچبىر توسالغۇ قالمايدۇ. بۇ مەسىلەرنى ھەل قىلىمەن دەپ، مەن ئۆزەم كەلدىم» دېگەن. ئەمما، سابىت داموللاھاجىم ئۆزىنىڭ قەشقەرگە بېرىش نىيىتىدە مەھكەم تۇرۇپ، بىرقىسىم دەلىللەرنى كۆرسەتكەن. تۆمۈرسىجاڭ داموللاھاجىمنىڭ بۇقەتئى نىيىتىنى كۆرۈپ، ئەمىر ئابدۇللا قوماندانلىقىدىكى خوتەن قۇۋۋەتلىرىنىڭ قەشقەرگە كىرىشىگە ۋە بىرلىشىپ، يېڭى شەھەرنى پەتھى قىلىشقا ماقۇل بولدى. سابىت داموللاھاجىم ۋە ئەمىرئابدۇللا ئەسكەرلىرى بىلەن 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەرگە كىردى. قەشقەر خەلقى بۇلارنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن داغدۇغىلوق ھالدا قارشى ئالدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ كۆرۈنۈشتە ياخشى قارشى ئېلىپ، ھۆرمەت بىلدۈردى. ئەمما، يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى بۈگۈن، ئەتە دەپ ئارقىغا سوزدى. بۇ ئارىدا يەركەندە قالغان ھاپىز تەنجاڭ ۋە قەشقەردىكى سابىت داموللاھاجىمغا ھەسەت قىلىدىغان بىرقىسىم كىشلەر بىرلىشىپ، تۆمۈرسىجاڭنى سابىت داموللاھاجىمغا قارشى كۈشكۈرتكىلى باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن سابىت داموللام قەشقەردىكى بەزى ئىككى يۈزلۈك ئادەملەرگە سىرىنى سۆزلەپ قويىدى ۋە بىرقىسىم ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغان ياخشى كىشلەرنى رەنجىتىپ قويىدى. تۆمۈرسىجاڭ بولسا قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ - تاشا پۇل ۋە مەنسەپ بېرىپ ئۆزىگە سادىق تەرەپتار قىلدى. 1933- يىلى 8- ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپ، تۆمۈرسىجاڭ سابىت داموللاھاجىم ۋە ئەمىر

ئابدۇللاغا ئاشكارە دۈشمەنلىك قىلغىلى باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىشىنىڭ يامان تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن دامۇللا ھاجىم بۇرۇن ياردەم قىلمىز دەپ، ۋەدە قىلغانلار، يۇرت كاتتىلىرى ۋە قىرغىز قوماندانلارنى ئىزدىگىلى تۇردى. ئەمما، ئۇلار ئاللىقاچان تۆمۈرسىجاڭ تەرەپكە ئۆتۈۋالغانىدى. ئاز بىرقىسىم قىرغىزنىڭلا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، داموللاھاجىم تەرىپىدە تۇرغانلىقى مەلۇم بولدى.

بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا، سابىت دامولla ھاجىم ۋە ئەمىرئابدۇللانىڭ قەشقەردىن يېنىپ، يەركەنگە كېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇلار تەرەپتارلىرىمىزنى قوغدايمىز دەپ، ئىككى كۈن كېچىكىپ قالدى. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە، تۆمۈرسىجاڭ بىزنى ھىمايە قىلىدىغان قىرغىزلارنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. سابىت دامولla ھاجىم قىرغىزلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۆزىمۇ ئاتلىنىپ ماڭدى لېكىن، تۆمۈرسىجاڭنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. يېڭىسارلىق قەھرىمان قوماندانىمىز بەختىيارخان بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرىيە قوماندانى يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن ۋە خوتەننىڭ چوڭ بىرتەرىقەت مۇرشىدى ئىشانىنىڭ ئوغلى ھەمدە، مىنىڭ ئوقۇغۇچىم بولغان غۇلام قادىر ئۈچ يۈز ئەسكىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. نەتىجىدە، خوتەن ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ. لەشكەرگاھلىرىغا چېكىندى. ئەتىسى، تۆمۈرسىجاڭ دامولla ھاجىم ۋە ئەمىر ئابدۇللا نىڭ قوراللىرىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇزاكىرىلىشەيلى دەپ، بىر ئىككى كۈن كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ دامولla ھاجىمغا ھەسەت قىلىدىغان بىرقىسىم قەشقەرلىق قوماندانلار، دەڭ ۋە سارايلاردا بۆلۈنۈپ تۇرۇۋاتقان خوتەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، قورالسىزلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئەمىر ئابدۇللا بىرئامال قىلىپ يەركەنگە قېچىشنى ئويتۇرىغا قويدى. داموللاھاجىم ساق قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمەي، تەسلىم بولۇشقا قارار قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئەمىر ئابدۇللا قوراللىرىنى تۆمۈرسىجاڭغا تاپشۇردى. تۆمۈرسىجاڭ سابىت دامولla ھاجىم ۋە ئەمىرئابدۇللا باشلىق بىرقانچە كىشىلەرنى نەزەربەنت قىلدى. قورالسىزلاندۇرۇلغان خوتەن ئەسكەرلىرىنى بولاپ ـ تالاپ، ئات ۋە پۇل ـ ماللىرىنى ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىگىچە تارتىۋېلىپ، قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى ۋە بەزىلىرى پىيادە مېڭىپ، چۆلدە ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن ئۆلدى.

سابىت داموللاھاجىم ۋە ئەمىر ئابدۇللا قەشقەرگە كەتكەندىن كېيىن، يەركەندە بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر پىتنە. ئىغۋا تارقىتىپ، ئەمىر نۇرئەھمەد بىلەن ھاپىز تەنجاڭ ئوتتۇرىسىدا ئىركىشىش پەيدا قىلغانىدى. ئەمىر نۇرئەھمەد نىڭ ئەسكەرلىرى بۇنىڭغا سەۋەپچى بولغان پىتنىچىلارنى تۇتۇپ، دارغا ئاستى. بۇ ھادىسە دەل قەشقەردە تۆمۈرسىجاڭنىڭ بىزگە دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىغان زامانى ئىدى.

تۆمۈر سىجاڭ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇرۇن سابىت داموللاھاجىمنى قەشقەرگە كېلىشكە دەۋەت قىلغانلاردىن ئەڭ مۇھىم زات بولغان ۋە كېيىن، تۆمۈرسىجاڭ تەرىپىگە ئۆتتۈۋالغان «كىچىك ئاخۇن تەنجاڭ» نى 300 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يەركەنگە يوللىدى.كىچىك ئاخۇن يەركەنگە كېلىپلا، ھاپىز-تەنجاڭغا قوشۇلۇپ، ئەمىر نۇرئەھمەد بىلەن ئاشكارە دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى. قەشقەر دىن تۆمۈرسىجاڭ ھەدەپ، ئەمىرئابدۇللا نامىدىن تەسلىم بولۇش توغرىسىدا ئەمىر نۇرئەھمەدكە خەت يازغىلى تۇردى. لېكىن، ئەمىر نۇرئەھمەد بۇلارغا قۇلاق سالماي ئۇلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشقا قارار قىلدى. ئەمما، ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەركەندىكى ئارتۇق ئوق - دورا، توپ ۋە خەزىنىنى قاغىلىق تەرەپكە ئەۋەتتۈەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەسكەرلىرىمىز ئىچىدە، «يەركەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىمىزكەن» دېگەن سۆز تارالدى. بۇنىڭغا ئىشەنگەن يەركەننىڭ چەت جايلىرىدىكى قوماندانلىرىمىز ئەمىرنۇرئەھمەددىن سورماستىنلا يەركەندىن 5 - 6 يۈز كىشىلىك بىرقۇۋۋەت بىلەن چىقىپ، قاغىلىققا قاراپ يۈرىدى. بۇ ئىش باشقا ئەسكەرلەر ئىچىدە قاتتىق ئالاقزادىلىك پەيدا قىلدى. ھاپىز بۇئەھۋالنى كۆرگەن ھامان ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرىمىزگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا ئەمىر نۇرئەھمەد ئۈچۈن تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھاپىز تەنجاڭ بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، قورال ۋە ئاتلارنى تاپشۇرۇش، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ جېنى ۋە مېلىغا تەگمەسلىك ۋە يەركەن دەرياسىدىن ئۆتمەسلىك قاتارلىق شەرتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى. كېلىشىمگە ئاساسەن 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قورال تاپشۇرۇلدى. ئەمما، ھاپىز تەنجاڭ، قورالنى ئېلىپ بولۇپلا ،كېلىشىمنى بۇزۇپ، ئەمىرنۇرئەھمەد نى ۋە بىر قانچە ئادىمىنى قامىدى. قورالسىزلاندۇرۇلغان ئەسكەرلىرىمىزنى بۇلاپ - تالاپ ناھايىتى پاراكەندە قىلىۋەتتى. بولاردىن بىرقانچە يۈز ئادىمىمىز قوماندانلىرىنى قاماقتا قويۇپ، خوتەنگە قايتىشقا رازى ئەمەستى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، شەھەرئىچىدە يۇشۇرنۇۋالدى ۋە بىرقىسمى ھاپىزغا ئەسكەر بولۇپ، يەركەندە قالدى.

ھاپىز تەنجاڭ، 1933- يىلى8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قارغىلىققا يۈرۈش قىلدى. قارغىلىقتا چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرىمىز بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، قارغىلىقنى بوشىتىپ خوتەنگە قاراپ ماڭدى. ئەتىسى ھاپىز كېلىپ، قارغىلىقنى ئىشغال قىلدى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قاراقاشقا ۋە ئۇيەردىن زاۋاغا كېلىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى توپلاشقا باشلىدىم. يەركەندىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىسىگە كېتىشىگە رۇخسەت قىلدىم. لېكىن، ھاپىز قاغىلىقتا توختىدى. گۇمىغا بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ۋە بىرھاكىمنى يوللاپ، ئۇيەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. يەركەندىن كېلىدىغان ياردەم قۇۋۋەتلىرى كېلىشى بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تەييارلانماقتا ئىدى. مەن گۇمىغا 1500كىشىلىك بىر قىسىم يوللىدىم. بۇ قىسىم گۇمىدىكى ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ قويغان ھاكىمى باشلىق 18 ئادىمىنى ئەسىرئالدى. قالغانلىرى قاغىلىققا قاچتى. گۇما قايتۇرۇۋېلىندى. بىز ھاپىز تەنجاڭغا

بىر ئەلچىلەر ھەيئىتى ئەۋەتىپ، كېلىشىمگە تەكلىپ قىلدۇق ۋە ئەگەر بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىسا ئاخىرغىچە ئۇرۇشىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. بۇ ھەيئەتنى قاغىلىققا بارماستىن «چولاق لەنگەر» دېگەن جايدا، ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى ئەسىر ئالغان ۋە بۇلاپ - تالىغان. بۇلاردىن بەزىلىرى قېچىپ گۇمىغا كەلگەن. ئەسىر ئېلىنغانلار ئىچىدە بۇ ھەيئەتنىڭ رەئىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ ،گۇمىدىكى ئەسكەرلىرىمىزگە« ھاپىزنىڭ بۇيەردىكى ئەسكىرى 20000 كىشىدىن ئىبارەت. سىلەر دەرھال گۇمىنى بوشىتىپ، خوتەنگە قايتىڭلا» دېگەن مەزمۇندا بۇيرۇق يېزىپ ئەۋەتكەن.گۇمىدىكى ئەسكەرلىرىمىز بۇنى راست دەپ ئىشىنىپ، 1500كىشىنىڭ 20000 كىشىگە تەڭ كېلەلمەسلىكىنى چاغلاپ، خوتەنگە قايتىدۇ.

مەن دەرھال زاۋاغا كېلىپ، پۈتۈن ئەسكەرلەرنى توپلاپ، مۇداپىئەگە ھازىرلاندىم. بۇ ئارىدا ھاپىز، بىزگە تەھدىت سېلىپ، بىرقانچە پارچە خەت ئەۋەتتى. ھاپىزنىڭ كۈچى ھەققىدە مەخپىي ئاخبارات خادىملىرىمىزنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى ئوخشاش ئەمەستى. ھاپىزنىڭ قولىدا ئەسىرلىكتە قالغان ئەلچى ھەيئەت رەئىسى خەتلىرىدە دۈشمەن سانىنى داۋاملىق 20000 دەپ يازاتتى. بىزنىڭ كۈچىمىز ساندا بەش مىڭ كىشى بولسىمۇ، مىلتىقىمىز بەش يۈزدىن ئاشمايتتى. ئۇق دورىمىز يوق دېگىدەك ئاز ئىدى. چۈنكى، پۈتۈن مىلتىق ۋە ئوق - دورا زاپاسلىرىمىز يەركەن ۋە قەشقەردە يوقالغانىدى. مانا بۇ ھالەتتىكى ئاجىزقوشۇن بىلەن 20000 كىشىلىك قوشۇنغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىپ، سۈلھى قىلىش پىكرىگە كەلدۇق ۋە ھاپىز تەنجاڭغا يەنە بىر ھەيئەت يوللىغان بولساقمۇ، ئۇ بۇلارغا قۇلاق سالماي، داۋاملىق ئىلگىرلىدى. ھەتتا، بىزنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىمىزدىن بولغان بىر تەرىقەت مۇرشىدى «كاتتا ئىشان»، ھاپىزنى دەرھال خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھاپىز، مەزكۇر ئىشاننىڭ قەشقەردە خوتەن ھۆكۈمىتىگە تۈزكورلۇق قىلغان ئوغلى غۇلام قادىر ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەيئەت رەئىسى خائىننى بىرگە قوشۇپ، خوتەنگە ئەسكەر يوللىدى. بۇ ۋەزىيەتتە ئەسكەرلىرىمىزنى زاۋادىن ئىلچىگە قايتۇردۇق. مەن قاراقاشتا قالغاندىم. ئۇكېچىسى، بىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەلچى ھەيئىتىمىزدىكى كىشىلەردىن بىر قانچىسى ھاپىزنىڭ قولىدىن قوتۇلۇپ، قاراقاشقا كەلدى ۋە ماڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. ئەسلىدە ھاپىز تەنجاڭنىڭ پۈتۈن ئەسكىرى ئۈچ مىڭ كىشىدىن ئاشمايتتى. ھازىر زاۋادىكى كۈچىمۇ مىڭ كىشىدىن ئىبارەت ئىدى. زاۋادىن كەلگەن خەۋەرچىلىرىمىزمۇ بۇنى توغرىلىماقتا ئىدى. مەن بۇ مەلۇماتلارنى ئالغاندىن كېيىن، كۆرنۈشتە قاراقاشتىن چېكىنگەن بولۇپ، ئىلچىگە قايتتىم ۋە ئاخشىمى ئەھۋالنى مىللىك ھەزرىتىگە مەلۇم قىلدىم. دەرھال مۇداپىئە ئۇرۇشىغا كىرىششنى قارارقىلدۇق.

كېچىسى پۈتۈن كۈچىمىزنى سەپەرۋەر قىلىپ، زاۋاغا يوللاشقا باشلىدۇق. مەن سەھەرسائەت بەشتە ماڭدىم.كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ زاۋادا ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈستىگە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدۇق. ئۇرۇش ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرىدىن كۆپچىلىكى ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىر

ئېلىندى. ئاز بىرقىسمى تاربۇغا دېگەن جايدا توپلانغان بولسىمۇ قوغلاپ زەربە بېرىش نەتىجىسىدە پىيالما كەنتىگە قاراپ قاچتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، هاپىز پىيالمىدىن ئىلگىرلىيەلمەي قەشقەردىن ياردەم كۈتۈپ تۇردى. ئەندى قورقۇتۇش نۆۋىتى بىزگە كەلگەنىدى. بىز هاپىزنى هەرخىل يول بىلەن قورقۇتۇپ، تەهدىت سېلىپ، ئۇنى مەنىۋىي جەهەتتىن يېڭىشكە باشلىدۇق. بۇ بىرهەپتە ئىچىدە قەشقەردىن بىرمىقدار ياردەم كەلگەن بولسىمۇ هاپىز، ئىلگىرلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. 10- ئاينىڭ 3 - كۈنى، هاپىز پۈتۈن ئەسكىرىنى ئېلىپ، قەشقەرگە قاچتى. شۇ هالەتتە، قەشقەردىن تۆمۈرسىجاڭنىڭ تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن خەۋىرى كەلدى.

بۇ خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، بىز دەرهال يەركەنگە يۈرۈش قىلىش هازىرلىقىنى باشلىدۇق. 10- ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ، ئەسكەرلىرىمىز ئارقا - ئارقىدىن يولغا چىقتى. گۇما ۋە قاغىلىق شەهەرلىرىنى توسالغۇسىز ئالدى. قاغىلىقتا هاپىزنىڭ تەرەپتارى بولغان يۇرت كاتتىلىرىدىن سابىرخان بىر ئاز قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈلدى. مەن گۇمىغا يېتىپ كەلگەندە قوشۇنىمىز پوسكامغا كىرگەنىدى. ئەمىر نۇرئەهمەد يەركەندە قاماقتا ئىدى. ئەمىر ئابدۇللا بولسا تۆمۈرسىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەن كېچىسى قەشقەردىن قاچتى ۋە يەركەنگە كېلىپ، تەرەپتارلىرىمىزدىن بىرىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇردى. دۈشمەننىڭ بونىڭدىن خەۋىرى يوقتى. هاپىز تەنجاڭنىڭ يەركەندىكى ئورۇنباسارى، خوتەن قىسىملىرىنىڭ پوسكامغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كېتىپ، ئەمىر نۇرئەهمەد نى دەرهال قاماقتىن چىقاردى ۋە سۈلهى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، بىر هەيئەت بىلەن پوسكامغا يوللىدى. لېكىن، ئەمىر نۇرئەهمەد ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپلادەرهال قوماندانلىقنى قولغا ئېلىپ يەركەنگە يۈرىدى.

ئالدىنقى قېتىمقى مەغلۇبىيەتتە تارقىلىپ، يەركەندە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بىرەر يۈزدەك خوتەن ئەسكەرى بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرهال ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە قورالىنىپ هۇجۇمغا ئۆتتى. بىرسائەت ئىچىدە يەركەن كونا شەهەر قولغا ئېلىندى. هاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى قېچىپ، يېڭى شەهەرگە كىرىپ، قامالدى. ئەمىر ئابدۇللامۇ يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ، خوتەندىن كەلگەن قىسىمنىڭ قوماندانلىقىنى قولىغا ئالدى. 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، يېڭى شەهەر مۇهاسىرىگە ئېلىندى. مەن بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، قارغىلىقتا كەلدىم. ئۇيەردە بىرهەپتە تۇرۇپ، پوسكامغا كەلدىم. بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلۈم ۋە قان بىلەن بىللە ياشاپ يەنە ساق - سالامەت غەلىبە قازانغان ئىككى ئىنىم بىلەن كۆرۈشتۈم. 10 - ئاينىڭ 29 - كونى مەن خوتەنگە قايتتىم. ئونبەش كۈنلۈك مۇهاسىرىدىن كېيىن، يەركەن يېڭى شەهەر پەتهى بولدى. هاپىزنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوراللىرىنى ئېلىپ، خالىغان تەرەپكە كېتىشكە رۇخسەت قىلىندى ئەمما، هاپىزنىڭ مۇئاۋىنى مەهەممەد نىياز ۋە ئوغلى قولغا ئېلىند ..

9 - پەسىل

## خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئالتە شەھەرگە كېلىشى ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى دەپ رەسمىي تونۇغانلىقى

7 - ئايدىن باشلاپ، تۇرپان تەۋەسىدە خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بىرئاي داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشلاردا خوجىنىياز ھاجى دائىم مەغلۇپ بولدى. ئاخىرى 8- ئاينىڭ 8- كۈنى خوجىنىياز ھاجى تۇرپاندىكى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قارا شەھەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئەپسۇسكى بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە مەلۇماتىم يوق.

خوجىنىياز ھاجى ئەسكەرلىرى بىلەن قاراشەھەرگە يېقىنلىشىپ، ئۇشىشاقتالغا كەلگەندە قاراشەھەردىكى تۇڭگانلار چىقىپ، قاتتىق ئۇرۇش بولدى. خوجىنىياز ھاجى چېكىنىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، مەھمۇد سىجاڭنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قىلغان بىر ھۇجۇمى بىلەن تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ قاچتى ۋە شەھەرگە كىرىۋالدى. مەھمۇد سىجاڭ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، شەھەردىكى تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قارا شەھەرنى ئالدى. خوجىنىيازھاجى قارا شەھەرنى ئېلىپ، دەرھال كۇچانىڭ ۋاڭ بېگى، ئىسمايىل باي ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، ئۇلارنى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى قاراشەھەرگە يوللاشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ پۈتۈن كۈچلەر قارا شەھەردە توپلىنىپ، ئۇيەردىن تۇرپانغا يۈرۈپ، ماجۇڭيىڭنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن. كېچىكتۈرمەستىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

ۋاڭ بەگ بۇ دەۋەتنى دەرھال قوبۇل قىلىپ. قارا شەھەرگە بەش مىڭ ئەسكىرى بىلەن كەلدى. ئىسمائىل باينىڭ نېمە دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. لېكىن، ئەسكەر يوللىغانلىقى مەلۇم. تۆمۈرسىجاڭ «مەن خوتەننى ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن پۈتۈن قۇۋۋىتىم بىلەن بارىمەن ھازىر ۋاقتىم يوق» دەپ، جاۋاپ بەرگەن. خوتەن ھۆكۈمىتى، بۇقېتىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھۆجۇملىرىدىن مۇداپىئەلىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ھاپىز تەنجاڭ، پىيالما فرونتىدىن قېچىپ. ئەرتىسى يەنى، 10- ئاينىڭ 4 - كۈنى خوتەن ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىغا بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۇنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەئىسى - جۇمھۇر(جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى) دەپ تونۇغانلىقىنى رەسمىي بىلدۈردى. ئۇنىڭغا ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىمىزنى مەلۇم قىلىپ، بۇ ھەيئەت قولىدىن 200 سەر(2000 مىسقال) ئالتۇن يوللىدۇق.

بۇ ھەيئىتىمىز بېرىشتىن ئىلگىرى خوجىنىيازھاجى، كۇچا ۋاڭىنى پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ، تۇرپانغا يۈرۈش قىلغانىدى. ئايغىر بۇلاق ۋە كۆمۈش ئوتتۇرىسىدا ماجۇڭيىڭنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولدى. ئۇرۇشتا كۇچا ۋاڭى ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ، قېچىپ كەتكەنلىكىدىن بۇمەغلۇبىيەتنىڭ جاۋابكارلىقى ۋاڭغا يۈكلەندى. كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. قاچقانلىرى چۆلدە سۇسىزلىقتىن ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ، بەك ئاز بىرقىسمى كۇچاغا سالامەت كېلەلىدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، خوجىنىيازھاجى قاراشەھەرگە قايتىپ كەلدى. مەھمۇد سىجاڭنى قاراشەھەردە قويۇپ، ئۆزى ئۈيەردىن كورلىغا كەلدى. كۇچانىڭ يۇرت كاتتىلىرى كېلىپ، ئۇنى كۇچاغا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى 10- ئاينىڭ 19- كۈنى كۇچاغا كەلدى. ۋاڭ بەگنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى نەزەربەنت قىلدى. خوتەن ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ھەيئەت بىلەن كۇچادا كۆرۈشتى. بىزگە يازغان خېتىدە كۇچانى پايتەخت قىلىشقا قارارقىلغانلىقىنى يازغانىدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى كۇچادا تۇرۇپ، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەنگە ھەيئەت يوللاپ، بىر - بىرىگە زىت كېلىدىغان تەشەببۇسلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇيرۇق چۇشۇرۈشكە باشلىدى.

## 10 - پەسىل
## تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۆمۈرسىجاڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلغاندا قول ئاستىدىكى قىرغىز ئەسكەرلەرنى خوتەنگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلماي قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرسىجاڭ، قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى بولغان ئوسمان ئەلى بەگكە سۇيىقەست قىلىشقا باشلىدى. بۇنى سەزگەن ئوسمان ئەلى بەگ، 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ، تاققا چىقىۋالدى. تۆمۈرسىجاڭ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، تۆمۈرسىجاڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ئوسمان ئەلى بەگنى تۇتۇپ كېلىشكە تاققا يوللىدى ۋە ئۆزى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، قاراۋۇلدىكى باغقا ھاۋا ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، 50 - 60 تۇڭگان پىدايى بولۇپ، يېڭى شەھەر سېپىلىدىن يۇشۇرۇنچە چىقتى ۋە تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئاخشىمى قايتىشتا ماڭىدىغان يولدا يۇشۇرۇنۇپ ياتتى. بۇلاردىن خەۋەرسىز تۆمۈرسىجاڭ ئاخشىمى باغدىن قايتىپ، تۇڭگانلار يۇشۇرۇنۇپ ياتقان يەرگە كېلىشى بىلەن ئوقىقا تۇتۇلدى. مۇھاپىزەتچىسى ۋە شوپۇرى بىلەن قوشۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆلدى.

تۆڭگانلار تۆمۈرسىجاڭنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، يېڭى شەھەرگە قاچتى. بۇ ھادىسىدىن ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ماجىسا پۈتۈن كۈچى بىلەن كوناشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرنى ئالدى.

تۇڭگانلار بىر كېچە- كۈندۈز شەھەر ئىچى ۋە تېشىدا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر كونا شەھىرى بىرھەپتە ماجىسانىڭ قولىدا قالدى. 1- ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئوسمان ئەلى بەگ تاغدىن پۈتۈن قىرغىز قوۋۋەتلىرى بىلەن كېلىپ، قەشقەر كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. تۇڭگانلار ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، يەنە يېڭى شەھەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى. ئوسمان ئەلى بەگ، قەشقەر كونا شەھەرنى ئېلىپ، ئۆزىنى تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئورنىغا سىجاڭ دەپ، ئېلان قىلدى ۋە قەشقەر ھۆكۈمدارى بولدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ پۈتۈن ئادەملىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، قەشقەر يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. لېكىن، تۆڭگانلار سېپىلدىكى ئىستىھكاملىرىدا قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلدى. بۇ ئارىدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوماندانلىرىدىن ھاپىز، ئەھمەدخان ۋە ھەمدەم بەگ قاتارلىق كىشىلەرخوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا بارىمىز دەپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، بىردىن - ئىككىدىن ئوسمان ئەلى بەگدىن ئايرىلىپ، كۇچاغا كەتكىلى باشلىدى. نەتىجىدە، ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچى ئاز قالدى ۋە يېڭى شەھەرنىڭ مۇھاسىرىسى ئاجىزلاشتى.

ئوسمان ئەلى، سىجاڭ بولغاندىن كېيىن، سابىت داموللاھاجىم يۇشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ، ئوسمان ئەلى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇنىڭ سايىسىدا، خوتەنلىك ۋە غەربىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى يېنىغا توپلاپ، خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىش ئورگىنى شەكلىدە «خوتەن ئىدارىسى جەمئىيىتى» نى قۇردى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىدى، قەشقەردە ئاستا - ئاستا خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىپ، قەشقەر بىلەن خوتەننى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. خوتەن ھۆكۈمىتىمۇ بۇنى قوللىدى ۋە پۈتۈن چىقىملىرىنى خوتەن غەزىنىسىدىن بەردى. قىسقا بىر ۋاقىتتا بۇ جەمئىيەت تەرەققى قىلدى، ھەتتا بىرمىقدار ئەسكىرىي كۈچمۇ توپلىدى. ئوسمان ئەلىنىڭ قول ئاستىدىكى بىرقىسىم قوماندانلىرىمۇ مەخپىي ھالدا خوتەن ئىدارىسى جەمئىيىتىگە قېتىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل، بىرىنچىسى، خوتەن ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن خېلى كۆپ ماددى ياردەم. ئىككىنچىسى، ئوسمان ئەلىنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرگەنلىكى ئىدى.

ئوسمان ئەلى غەيرەتلىك ۋە باتۇر يىگىت ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۆزى ساۋاتسىز بولۇپ، ئەسكىرىي قوشۇننى يېتەكلەش قابىلىيىتى ۋە تەجرىبىسى يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاكىمىيىتى ئىككى ئايدىن ئۇشۇق داۋام قىلالمىدى. ئۇنىڭغا تەۋە بولغان چوڭ قوماندانلاردىن ئۆزبېك سىتىۋالدى جان، يۇسۇپ جان ۋە قىرغىزلاردىن ئوراز بەگ، چىپەك قازى، ئابدۇخالىق ۋە ئادى قاتارلىقلار ئوسمان ئەلىدىن نارازى

بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاشكارە دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. ئوسمان ئەلى بۇنى كۆرۈپلا ئۆزىگە سادىق بولغان بىرەر مىڭدەك قىرغىز ئەسكىرىنى توپلاپ، پۈتۈن توپ، ئۇق - دورا قاتارلىق قوراللارنى ئېلىپ، بىر كېچىدە تاققا قاچتى. ئوسمان ئەلى قاچقاندىن كېيىن، قالغان پۈتۈن ئەسكەرلەر ئوراز بەگنىڭ قول ئاستىدا قالدى. ئوراز بەگ دەرھال بىرەر مىڭدەك ئەسكەر بىلەن يۈسۈپ جاننى ئوسمان ئەلىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يۈسۈپ جان، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئوسمان ئەلىنى ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولغان خوش مەھەممەدنى تۇتۇپ، بىر قىسىم توپ ۋە قوراللارنى ئولجا ئېلىپ قەشقەرگە يېنىپ كەلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، قەشقەردە، مەمۇرىي ئىشلار سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ۋە ئەسكىرىي ئىشلار ئوراز بەگنىڭ مەسئۇلىيىتىدە بىرھۆكۈمەت شەكىللىنىپ، «خوتەن ئىدارىسى جەمئىيىتى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ھىندىستاندىن ۋە تۈركىيەدىن كەلگەن بەزى «ماجىرا پەرەست» كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتى. بۇلار ئۆزلىرىنى «چوڭ ئىشلار قىلغان»، «كاتتا بىلەرمەن» دەپ كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا، ھەتتا، ئەسكىرىي ئىشلارغا ئارىلاشقىلى تۇردى. بۇلاردىن بەزىلىرى سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى بولدى. سابىت داموللا ھاجىم، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ياكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىكرىنى سورىماستىنلا مىنىستىرلاركابىنېتىنى قۇردى. 1933 - يىلى11- ئاينىڭ 12- كۈنى، ئۆزى باش مىنىستىر ۋە باشقا 16 ئەزا دىن تەركىپ تاپقان مىنىستىرلار كابىنېتىنى ۋاقىتلىق « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» دەپ مۇراسىم بىلەن ئېلان قىلدى. بۇ كابىنېتنىڭ ئەزالىرىدىن ئۈچ كىشىدىن باشقىسى مىللىي ئىنقىلاب كومىتېت ئەزالىرىدىن بولماستىن خەلق نەزەرىدە بۇ خىزمەتكە لايىق ئادەملاردىن ئەمەستى. شۇڭا، مەيلى خوتەن ھۆكۈمىتى بولسۇن ياكى خوجىنىياز ھاجى بولسۇن بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىدى. سابىت داموللاھاجىم مەزكۇر كابىنېت نامىدىن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندابىرتۈتاش قوللىنىدۇ دېگەن ھۆكۈم بىلەن قەغەز پۇل چىقاردى. ئەمما، يۇقىرىقىدەك نارازىلىق سەۋەبىدىن بۇ پۇل قەشقەردىن باشقا يەردە ئاقمىدى. يېرى كەلگەندە بۇ ۋەقەلەرنى تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

11- پەسىل

## ئۈرۈمچىدىكى ھادىسىلەر

1933 - يىلى ئەرتىياز پەسلىدە، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاستىدا پەقەت ئۈرۈمچىلا قالغانىدى.گۆچىك تۇڭگانلارنىڭ ۋە جىمسار خوجىنىياز ھاجىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، جىن - شۇرېن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى مۇھىم كىشىلەر

ئارىسىداجىن شۇرېننى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەرىكەت باشلىنىدۇ.

جىن شۇرېن ئۇزۇن زاماندىن بېرى كۆچمەن ئاق ئورۇسلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، چىنلىق ئەسكەرلەر بىلەن مىللىي ئىنقىلابنى بېسىقتۇرۇپ بولالمىغانلىقتىن، ئۇ مەجبۇرەن ئاق ئورۇسلاردىن ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئۇلارنى ئىنگلىزلاردىن سېتىۋالغان قورااللار بىلەن قورااللاندۇردى. 1933 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، كۆچمەن ئاق ئورۇسلار بىلەن جىن شۇرېن ئارىسىدا بىر ئىشەنچسىزلىك پەيدا بولۇپ، بۇئىشەنچسىزلىك بارغانسېرى كۈچەيدى. ئاق ئورۇسلار بىر تەرەپتىن مىللىي ئىنقىلابنىڭ كېڭىيىپ،كەتكەنلىكىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن، ئەڭ مۇھىمى جىن شۇرېننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك بىر ئىش ئىدى. ئاق ئورۇسلار بىلەن جىن شۇرېن ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچسىزلىكنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىدە، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭمۇ رولى بار دېگۈچىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

1931 - يىلى، چىن - ياپون ئۇرۇشىدا، ياپونلاردىن قېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پانالىق تىلىگەن مانجۇرىيەلىك چىن ئەسكەرلىرىدىن بىرقىسمىنى، 1933 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى جىن شۇرېنگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇئەسكەرلەرگە 1933 - يىلى 1- ۋە 2 - ئايدا، ئەسلى مانجۇرىيەلىك بولغان شېڭشىسەينى «شېڭ زىخۇي» دېگەن ئۇنۋان بىلەن قوماندان قىلىپ، قومۇل ۋە تۇرپان ئۇرۇشىغا سالدى. كېيىنچە، ئاق ئورۇسلار ۋە مانجۇرىيەدىن كەلگەن چىنلىق ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا جىن شۇرېنگە قارشى بىر ئىتتىپاق مەيدانىغا كەلدى. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ، 1933- يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچى نەنگۇەندە تۇرۇشلۇق 400 ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ، جاڭجۈن يامۇلىغا ھۇجۇم قىلدى. جىن شۇرېننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. جىن شۇرېن بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، يامۇلغا خېلى كۆپ ئەسكەر توپلىغانىدى. ئىككى قىسىم ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئاخىرى جىن شۇرېن مەغلۇپ بولدى. ئۇ جېنىدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ قوزغىلاڭچىلارغا مەخپىي ئادەم چىقىرىپ، ئۆزى يالغۇز بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپلا ئۈرۈمچىدىن چىقىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، جىن شۇرېننى بالا- چاقىلىرى بىلەن بىرماشىنىغا سېلىپ، ئارقا دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى. جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى باشلىقلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاق ئورۇسلارغا تەسلىم بولدى. جىن شۇرېن شۇ قاچقانچە 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۆچەك ئارقىلىق سوۋېتكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن چىنگە كەتتى.

جىن شۇرېن قاچقاندىن كېيىن، «ئۆلكىدە خەۋپسىزلىكنى ساقلاش ئالىي كومىتېتى» دېگەن بىرھەيئەت قۇرۇلدى. ئالىي كومىتېت، 80 ياشقا كىرگەن مائارىپ نازىرى لىيۋەنلۇڭنى رەئىس ۋە مانجۇرىيەدىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى دىڭچىڭنى ھەربىي ئىشلارغا باشلىق قىلىپ

تەيىنلىگەندى. ئالىي كومىتېت، 1. خەلقىنىڭ ھاياتىنى، مال - مۈلكىنى مۇھاپىزەت قىلىش. 2 - جىن شۇرىنىنىڭ ھاياتىغا ۋە مال - مۈلكىگە دەخلى قىلماسلىق. 3 - سوۋېت كونسۇلخانىسىنى قوغداش، دېگەن ئۈچ ماددىلىق قارارنى ئېلان قىلدى.

شۇ كۈنلەردە، شېڭشىسەي ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ ۋەزىيەتتە، ئالىي كومىتېت شېڭشىسەينى 4 - ئاينىڭ 14- كۈنى، ھەربىي نازىر ۋە «دۇبەن»، يەنى، ھەربىي ۋالىي ياكى چېگرا مۇداپىئە قوماندانى قىلىپ تەيىنلەشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە 44 كىشىدىن تەركىپ تاپقان «ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت» قۇرۇلىدۇ. ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە لىيۇۋەنلۇڭ (رەئىس)، گېمىركىن. پاپانگوت. شېڭشىسەي، نەزەر بەگ (قومۇل ۋاكى)، ھۇسىيىن باي، ئابدىقادىر. ئاباۋ. تۇگباۋ ۋە جاڭۋەن قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان قىلغان قارارلىرىدا، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مائارىپتا ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، ھەرمىللەت كىشىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش يولى بىلەن ۋە سايلام قانۇنى بويىچە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىش ۋە تاشقى ئىشلار جىن مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا بولۇش قاتارلىق ماددىلار بار ئىدى. بۇچاغدا شەخسىي ياكى سىياسى كۆز قاراش جەھەتتىن شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن بولۇشىغا قارشى چىققانلار بىرلىشىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلىغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شېڭ، بىرقانچە چىنلىق مەنسەپدارنى ۋە ئاق ئورۇسلاردىن گېمىركىن ۋە پاپانگوتلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.شېڭ شىسەي ھوقۇقنى قولغا ئالغان ھامان خوجىنىياز ھاجىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ جىن شۇرىن ۋە خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا ئىمزا لانغان «شىمگو كېلىشىمى»گە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئارىدا جىن مەركىزى ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ۋە بۇ يول بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى جىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ نۇپۇزىنى كۈچەيتىش مەقسىدى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇشقا بىر سىياسى ھەيئەت يوللىغان. لېكىن،شېڭ شىسەي بۇ ھەيئەتنى ھېچ بىرئىشقا ئارىلاشتۇرمىغان. ھەيئەت رەئىسىنى ھەرخىل يوللاربىلەن قورقۇتۇپ، جىنگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى.

ماجۇڭيىڭ، شۇ كۈنلەردە (1933 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد مۇھىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، تۇرپان، پىچان، قارا شەھەر ۋە بارىكۆل قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىگەن. بۇ جايلاردىكى يەرلىك خەلق ۋە تۇڭگانلاردىن كۆپ ساندا ئەسكەرلىككە ئېلىپ، خېلى كۈچ توپلىغانىدى. بىر بۆلۈم ئەسكەرلىرىنى ماخىيىڭ قوماندانلىقىدا ئالتايغا ئەۋەتىپ، ئۆزى 9 - ئاينىڭ 20 كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ جەرياندىكى ئۇرۇشلاردا شېڭ شىسەي مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە چېكىنگەنىدى.

ماجۇڭيىڭ، جاڭ بەييۈەن بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، غولجا ۋىلايىتى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، جاڭ

بەييۇەن ۋىلايەتنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىپ، ئەسكەر توپلىماقتا ئىدى. ئۇ چىنلىق، تۇڭگان، تارانچى، قازاق ۋە قالماقلاردىن 15000غا يېقىن ئەسكەر توپلىدى. سوۋېت تەسىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىنى توساش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. روسىيە چېگرىسىنى تازا چىڭ تۇتتى. بۇنىڭغا نارازى بولغان سوۋېت ھۆكۈمىتى جاڭ بەييۇەنگە زەربە بېرىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ماخەيىڭ، ئالتايىنى ئالغاندىن كېيىن، چۆچەك ۋە ماناسنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ، داۋانچىڭدىن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇمغا ئۆتكەن ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىشكە تىرىشىدۇ. جاڭ بەييۇەن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى تۆت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىنىدۇ.

ماجۇڭيىڭ 1934- يىلى 1- ئاينىڭ 12- كۈنى، ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىپ، نەنگۇەن بازىرى ، ئايرودۇرۇم ۋە رادىئو ئىستانسىسىنى قولغا چۈشۈرىدۇ .شىڭ شىسەي ئەڭ خەۋپلىك ھالدا تۇرۇۋاتقان بۇ پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئۇرۇشقا ئارىلاشتى. سانى نامەلۇم بىرسوۋېت قوشۇنى تانكا، توپ ـ زەمبىرەك ۋە ئايروپىلانلار بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ، جاڭ بەييۇەننىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تار ـ مار قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ماجۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۈرۈمچىگە غەربىي شىمال تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن ئايروپىلانلار ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك بومبا ۋە ئوق ياغدۇرۇپ، تىرە- پىرەڭ قىلىۋېتىدۇ. تۇڭگانلار نۇرغۇن ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، پاراكەندە ھالدا تۇرپانغا قاچىدۇ. ھەتتا، بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆلگەن خەۋىرى تارقالغانىدى. داۋانچىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ ھۇجۇم قىلىش كۈچى ھېچ قالمايدۇ. ئالتى شەھەرگە بېرىشتىن قورقۇپ، كۇچادىكى قوۋۋەتلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىدۇ. قاتتىق ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالىدۇ.

جاڭ بەييۇەننى قېچىپ كېتىۋاتقان چېغىدا تاغدا ئۆز ئادەملىرى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. (جاڭ بەييۇەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دېگەن سۆزلەرمۇ بار). بۇچاغدا غولجىدىكى تارانچىلار ۋە تۇڭگانلار بىرلىشىپ، مۇداپىئەگە ھازىرلىنىپ، قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشقان. ئاخىرى تارانچىلار توردى ئاخۇنباي دېگەن بىرسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەسلىم بولىدۇ. تۇڭگانلار بولسا جەنۇبتىكى تاغلارغا قېچىپ كەتكەن. قازاق ۋە قالماقلارمۇ تارقىلىپ، تاغلاردىكى يايلاقلارغا قېچىپ كەتكەن. قاچقان تۇڭگانلار تەگرى تاغلىرىدىن كۈنەس ۋە يۇلتۇز يولى بىلەن مېڭىپ، رامزان ئېيىدا كوچاغا كەلدى.

مانا، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاشكارا ئەسكەر كىرگۈزۈپ ياردەم قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستانشىڭ شىسەينىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالدى. تۇردى ئاخۇنباي غولجا ۋىلايىتىگە دوتەي (ۋالىي) بولدى. سوۋېت ئەسكەرلىرى توپ تانكىلىرىنى ئېلىپ، ئۆزچېگرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۈرۈمچى ھادىسىلىرىغا تېگىشلىك قولۇمىزغا كەلگەن مەلۇماتلار، قىسقىچە يۇقىرىقىدىن ئىبارەت. جىن

شۇرىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى،شىڭ شىسەينىڭ دۈبەن بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭشىڭ شىسەينى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەسكەر كىرگۈزۈشى ۋە ھەتتا ماجۇڭيىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئىككىنچى قېتىم يەنە چىقىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىرلىق ھادىسىلەردۇر. بۇلارنى قاراڭغۇ سىر پەردىسى ئارقىسىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، كەلگۈسىدە تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىدىغان زىيالىلىرىمىزغا ئامانەت قىلىنغان بىر ۋەزىپىدۇر.

12 ـ پەسىل

## مىللىي ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ چەتئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتى

چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقى، ھەممىدىن بۇرۇن خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئومۇمەن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققانلىقى، چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىگە قارشى بىر ۋەزىيەتتە بولمىغانلىقى ئېنىق. لېكىن، چىن بىلەن ئارىمىزدىكى يول بەك يىراق ۋە ئوتتۇرىدا دۈشمەن بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن ھۆكۈمىتى ئىنقىلابچىلارغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە ياردەمدە بولۇۋاتقانلىقىدىن، رەسمىي مۇناسىۋەت باغلاش مۇمكىن ئەمەستى. تۆۋەندە، مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت پەيدا قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە بۇنىڭ جەريانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

خوتەن ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان كۈنىدىن باشلاپ، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سىياستى توغرىسىدا غەيرى رەسمىي يوللار بىلەن مەلۇمات ئېلىشقا تىرىشتى. بۇمەلۇماتلارغا قارىغاندا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى مەسىلىسىدە، پۈتۈنلەي بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇشقا قارار قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھىندىستان بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ پايدىسى يوقتى. روس ھۆكۈمىتىنىڭ، مىللىي ئىنقىلابچىلارغا كۆرۈنۈشتە ھېسداشلىق قىلىپ، تەلەپ قىلغان ياردەمنى قىلىش بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن كۆزلىگەن مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش سىياستى يۈرگۈزۈدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى، بىزگە كېرەكلىك دەرىجىدە ياردەمدە بولالمىسىمۇ، دىنداشلىق، قوشنىدارچىلىق ۋە بىرئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇش ئېتىبارى بىلەن بىلمىگەنلىرىمىزنى بىلدۈرۈش سۈرىتى بىلەن ھەرجەھەتتە ياردەمدە بولىدۇ، دېگەن ئۈمىدىمىز بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 10ـ ئايدا پوسكامغا بارغان چېغىمدا قۇربانىللا ۋە ميان ھەسەن خانلارنى ئافغانىستانغا، خوتەن ھۆكۈمىتى نامىدىن بىرغەيرىي رەسمىي ھەيئەت سۈپىتىدە ئەۋەتىپ، ئۆزۈم خوتەنگە قايتتىم.

ئۇلار 11ـ ئايدا يولغا چىقتى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بۇ ھەيئىتىمىزنى كۆپ ئىھتىرام بىلەن كۈتۈۋالغانىدى. لېكىن، ئارىدىكى يول ئۇزاق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسبەت ياكى مەنپىي بىر نەتىجە قولغان كەلگىچە بىز ۋەتەندىن ئايرىلدۇق، ھەيئەت ئەزالىرىمىز ئافغانىستاندا قالدى.

خوجىنىياز ھاجىغا كەلسەك، ئۇنىڭ يېنىدا بۇرۇن روسىيەدە قىزىل تەشكىلاتقا[116] ئەزا بولغان بەزى ۋەتەن ساتقۇچ شەرقىي تۈركىستانلىقلار بارئىدى. خوجىنىياز ھاجى، بۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن ئۈمىدىنى روسلارغا باغلىغانىدى. خوجىنىياز ھاجى، روسلاربىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، بىرمىقدار مىلتىق ۋە ئوق ـ دورا ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈشكەندىن كېيىنلا، ئاندىن بىز ئۇنىڭ بۇ سىياسىتىدىن ۋاقىپ بولدۇق. بىز ئۇنىڭغا، بۇ سىياسىتىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن خەۋپلىك بىرئاقىبەت كەلتۈرۈدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازدۇق.

خوجىنىيازھاجى بىزنىڭ بۇخېتىمىزگە« بىزگە توپ، تانكا ۋە ئايروپىلان قاتارلىق ئۇرۇش قورالىرى كېرەك. بۇنى بىزگە روسلار(سوۋېت ئىتتىپاقى) دىن باشقا قوشنا دۆلەتلەر بەرمەيدۇ. روسلار بىزگە بۇ قورالىلارنى بېرىدىغان بولدى. بىزمۇ بۇقورالىلارنى ئېلىشىمىز ئۈچۈن روسلارنىڭ قويغان شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدۇق. يۇرتنى ئۆز قولىمىزغا ئالغاندىن كېيىن بۇشەرتلەرنى ئۆزگەرتىمىز. خاتىرجەم بولىڭىزلار» دەپ جاۋاپ بەردى. خوجىنىياز ھاجى روسلارغا شۇ ئىمتىيازلارنى بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى: (1) شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تاشقى سودا تىجارىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدۇ. ھىندىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن بولغان تاشقى سودا تىجارەت توختىتىلىدۇ. (2) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا دۆلەت بىلەن سىياسى مۇناسىۋەت ئورناتماسلىق. ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەملەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چاقىرتىش. باشقا ھەرقانداق بىر چەتئەللىكنى ئىشقا سالماسلىق.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ، روسلارغا بەرگەن ئىمتىيازلىرىدىن بىزگە بىلدۈرگەنلىرى يوقىرىقىلاردىن ئىبارەت. بىزدىن مەخپىي تۇتقان، بۇلاردىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغان ماددىلىرىنىمۇ بىلمىز. لېكىن، ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمىدۇق. شۇنداق قىلىپ، خوجىنىيازھاجى، روسلارنىڭ ئازغىنە ۋەدىسىگە ئالدىنىپ، ئۆزىمۇ سەزمەيلا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تەقدىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا ماقۇل بولدى. چۈنكى، ئۇ شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە گول بولۇپ، زور بىرسىياسى ئويۇندىن خەۋەرسىز قالغانىدى.

سابىت داموللا ھاجىم قەشقەردە ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، سىياسەت ئىشىدا ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە تۈركىيە بىلەن سىياسى مۇناسىۋەت ئورنۇتۇشنى قارار قىلدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىش ئۈچۈن، « شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى» ئۇنۋانى بىلەن تەيىنلىنىپ

[116] مۇئەللىپ بۇ يەردە سوۋېت كوممۇنىست ( بولشېۋىكلار ) پارتىسىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك (ن. ش. ھ.).

ئەۋەتىلگەن كىشى، تېخى يېڭىلا تۈركىيەدىن كەلگەن بىر ماجىرا پەرەست ئادەم ئىدى. بۇ ئەلچى ھىندىستانغا بېرىپ، 3 ـ 4 كۈن ئۇياق ـ بۇياققا قاتراپ يۈرۈپ، ھېچ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي، ئاخىرى پېشىنى قىستۇرۇپ، تۈركىيەگە كەتتى. داموللاھاجىم بەرگەن ئالتۇنلارنى دەسمايە قىلىپ، ئىزمىردە چوڭ بىر دۇكان ئېچىپ ئولتۇردى.

13 ـ پەسىل

## خوجىنىياز ھاجى ۋە تۇڭگانلار

ماجۇڭيىڭ، ئۈرۈمچى سوقۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇرپانغا كېلىپ، دەرھال ئالتە شەھەرگە يۈرۈش قىلىش ياكى چارقىلىق يولى بىلەن چىڭگە كېتىشنى ئويلىنىپ قالدى. ئاخىرى، قاراشەھەر ۋە كورلىنى ئىشغال قىلىشنى قارار قىلىپ، ئىككى مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى قارا شەھەرگە ئەۋەتتى. تۇڭگانلار ئالدىن، «ماجۇڭيىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قاراشەھەرگە كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزنى تارقاتقانلىقتىن، مەھمۇد سىجاڭ، ماجۇڭيىڭنىڭ پۈتۈن كۈچىگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قاراشەھەر ۋە كورلىنى بوشىتىپ، كۇچاغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار غەيرەتكە كېلىپ، كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى.

خوجىنىياز ھاجى كۇچا دىنمۇچېكىنىپ، بايغا كەلدى. بۇ يەردە، تۇڭگانلار ئاز بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن كەلگەنلىكى، ماجۇڭيىڭنىڭ كەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد سىجاڭ، بايدا توختىدى ۋە خوجىنىياز ھاجىمۇ ئاقسۇغا كەلدى.

مەھمۇد سىجاڭ، كۇچاغا ھۇجۇم قىلاي دەپ تۇرغىنىدا، ماجۇڭيىڭنىڭ داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان تۇڭگانلار، ئەندى مەھمۇد سىجاڭ كۇچاغا ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ قورقۇپ، بىركېچىدە كوچانى تاشلاپ قاچتى ۋە شۇ قاچقىنىچە قاراشەھەرگە بېرىپ توختىدى. مەھمۇد سىجاڭ، بۇنى ئاڭلاپ دەرھال كۇچاغا يۈرۈش قىلدى ۋە كورلىنى ئېلىپ، باش ئەرگىم ئېغىزىنى ئىستېھكام قىلىپ ئورۇنلاشتى.

مەھمۇد سىجاڭ بايدىكى ۋاقتىدا، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئادەملىرىدىن ھاپىز باشلىق بىرەر مىڭدەك كىشى قەشقەردىن بايغا كېلىپ، مەھمۇد سىجاڭغا قېتىلغانىدى. ئەينى زاماندا، خوجىنىياز ھاجى، قەشقەر ۋە خوتەندىن ئەسكىرىي ياردەم تەلەپ قىلدى. قەشقەر ھۆكۈمىتى تېخى يېڭى قۇرۇلغانلىقتىن ئەسكىرىي ياردەم ئەۋەتكىدەك ئەھۋالدا ئەمەستى. خوتەندىن ئىسمائىل داموللا قوماندانلىقىدا بەش يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى خوتەن قىيىي يولى بىلەن يولىلدۇق. يەركەندىن ياردەم ئۈچۈن ئاشلىق ئەۋەتىش

ھازىرلىقىنىمۇ باشلىدۇق.[117]

بۇئارىدا، خوجىنىياز ھاجىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىڭ ئىككى يۈز مىلتىق، بىرمىليون كارتۇس، بىرەر مىڭدەك قول بومبىسى ۋە تاپانچا كەلدى. خوجىنىياز ھاجى، باش ئەرگىمدىكى ئىستېھكامغا تولۇق ئىشەنگەندى.

14 - پەسىل

## يەنە خوتەن ۋە قەشقەر ۋەقەلىرى

1933 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا مەركەزلەشكەندى:

1- خوجىنىياز ھاجىغا، ئەسكىرىي ۋە ماددى ياردەم ئەۋەتىش.

2 - قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ماجىسا باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قەشقەر ھۆكۈمىتىگە ئەسكىرىي ياردەم ئەۋەتىش.

3 - شەرقتىكى چېگرىمىزنى، يەنى، چارقىلىق ۋە لوپ كۆلى ئەتراپىدىكى جايلارنى تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىش.

خوجىنىياز ھاجىغا ياردەم ئەۋەتىشكە باشلىغانلىقىمىزنى يوقىرىدا بايان قىلغانىدۇق. خوجىنىيازھاجى تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى مۇداپىئەدە بىرئاز غەيرەت كۆرسەتكەن بولسا، مەن ياكى ئىككى ئىنىمنىڭ بىرسى خوتەننىڭ ئاساسلىق ئەسكىرىي كۈچىنى ئېلىپ، ياردىمىگە بارماقچى بولغانىدۇق.

قەشقەر ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە ئەسكەرلىرى ھەرخىل مۇرەككەپ كىشىلەردىن تەركىپ تاپقانلىقى ئۈچۈن، (بۇلارنى تۆۋەندە نۆۋىتى كەلگەندە سۆزلەپ ئۆتىمەن) تەشكىلىي قۇرۇلۇشى كۈچسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەر يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارغا قارشى ئاكتىپ بىر ھەرىكەت ئېلىپ بارماستىن پەقەت، مۇداپىئە ۋەزىيىتىدە تۇرىۋاتاتتى. بۇ ۋەزىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سابىت داموللا ھاجىم خوتەن ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن خەت ۋە ۋەكىل ئەۋەتكىلى تۇردى. بىز دەرھال ئەمىر ئابدۇللا باشچىلىقىدا بىرەرمىڭدەك ئەسكەرنى يېڭىسارغا يوللىدۇق. لېكىن، قەشقەرگە كىرىشكە ئالدىرماسلىقنى ۋە قەشقەردىكى بىر- بىرىگە زىت قوماندانلار بىلەن سەممىمىي بىر ئىتتىپاق شەكىللەندۈرگەندىن كېيىنلا كىرىشنى تاپشۇردۇق.

ئەمىر ئابدۇللا بېرىلگەن ۋەزىپە بويىچە يېڭىساردا توختىدى. 1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18- كۈنى، سابىت داموللا ھاجىم يېڭىسارغا كەلدى ۋە ئەمىر ئابدۇللا بىلەن تولۇق ئىتتىپاقلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، قەشقەر يېڭى شەھەرگە جەنۇب ۋە شەرق تەرەپتىن ئەمىر

[117] خوتەن قېيي، خوتەن دەرياسىنىڭ تەكلىماكان چۆلىدىن ئاقىدىغان قىسمىنى بويلاپ ئاقسۇغا بارىدىغان يول(ن. ش. ھ).

ئابدۇللا، غەرب ۋە شىمال تەرەپتىن قەشقەر ئەسكەرلىرى بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشنى قارارلاشتۇرۇپ، ھۇجۇم قىلىش ۋاقىت - سائەتنىمۇ بىكىتىشتى. بۇ مۇزاكىرىدىن كېيىن، داموللاھاجىم قەشقەرگە قايتتى. 1934- يىلى 1- ئاينىڭ 6- كۈنى، بىكىتىلگەن ۋاقىتتا ئابدىغنى ئاخۇن قوماندانلىقىدا سەككىز يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، يېڭى شەھەردىن 15 كىلومېتىرئۇزاقلىقتىكى تازغۇن كەنتىگە كەلدى. لېكىن، قەشقەردىكى ئۆزبېك قوماندان يوسۇپجان، بەلگىلەنگەن سائەتتە ھۇجۇم قىلىشنى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن قەشقەر ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئىچكى ئىختىلاپ تۇغۇلدى. ماجىسا بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تازغۇنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئابدىغنى ئاخۇن بىلەن بەش يۈز ئەسكىرىنى تۇرۇۋاتقان مەدرىسىدە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. باشقا يەردە، ئۈچ يۈزدەك ئەسكەر بىلەن تۇرۇۋاتقان خوتەن قوماندانلىرىدىن مەھەممەد ھاجى ۋە ئىلى قازانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يېڭىسارغا قاچتى. ئابدىغنى ئاخۇن ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشۇپ، بەش سائەت مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئوق - دورىلىرى تۈگەپ كېتىپ، تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۈچ يۈزگە يېقىن ئەسكىرى بىلەن ئەسىرگە ئېلىندى.

قەشقەر ھۆكۈمىتى، ماجىسانىڭ ھۇجۇم خەۋپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، تازغۇنغا ياردەم يوللىمىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئەمىر ئابدۇللانى يېڭىساردىن يەركەنگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئورنىغا ئەمىر نۇر ئەھمەدنى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇنىڭغا، قەشقەردە ئۆزبەك ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرى بولىدىكەن، ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر يوللىماسلىقنى ئۇقتۇردۇق.

1933- يىلى 12- ئاينىڭ باشلىرىدا، شەرقتىكى چېگرىغا، كېرىيەدىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قوماندانى كامال داموللانى يوللىدۇق. كامال داموللا چارقىلىققا بېرىپ، تۇرپان ۋەگەنسۇ چېگرالىرىنى كۆزىتىپ چىقتى. قارشى تەرەپكە مۇنتىزىم خەۋەرچىلەرنى يوللاپ، ئەھۋال ئىگەللەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىدى. لوپ ناھىيىسىنىڭ كۆنچى دېگەن يېرىدىكى خەلق خوتەن ھۆكۈمىتىگە بويسۇندىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كامال داموللانىڭ قول ئاستىغا كىردى (23 - خەرىتىگە قاراڭ).

بۇ ئەسنادا، قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە يۈرەكنى پارە قىلىدىغان ھادىسىلەر ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەشقەر ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە ئەسكەرلىرى قەشقەرلىقلار، ئۆزبېك مۇھاجىرلار ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئامىللاردىن تەركىپ تاپقانىدى. بۇلار دائىم، شەخسى مەنپەئەت ياكى ئۆزلىرىنىڭ لاياقەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن بىر- بىرلىرى بىلەن ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ، بۆلۈنۈپ كۈچسىز بىرھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالتى مىڭ كىشىلىك قوراللىق قەشقەر ھۆكۈمىتى قوشۇنىنىڭ، يېڭى شەھەردە مۇھاسىرىگە ئېلىنغان 1500 تۇڭگانغا كۈچى يەتمىدى. ھەتتا تۇڭگانلار كۈندىن كۈنگە كۈچلىنىپ، پات - پات يېڭى شەھەرنىڭ تېشىغا چىقىپ، ئەتراپتا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئوزۇق تopلايتتى، كونا شەھەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ،

پاراكەندىچىلىك سالاتتى. مانا، شۇنىڭ ئۈچۈن سابىت داموللا ھاجىم خوتەن ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بۇ ئىچكىنشىلىك ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى ۋە ۋەقەلەر توغرىسىدا بىر ئاز ئۇچۇقراق مەلۇمات بېرىشنى پايدىلىق دەپ ھېساپلايمەن. قەشقەر ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن ئاز بىرقىسمى كۆپ قابىلىيەتلىك، قىممەتلىك كىشلەر بولسىمۇ، بەزىلىرى غەربىي تۈركىستاندىن يېڭى كەلگەن تېگى - تەكتى مەجھۇل ۋە گۇمانلىق ئادەملەر ئىدى. بەزىلىرى شەرقىي تۈركىستانلىق بولسىمۇ، ئىنقىلابى تەشكىلات ئەزالىرىدىن ئەمەستى. ئاغزىدىلا ۋەتەنپەرۋەر، بىلمىسز ۋە جىددى پوزىتسىيىدە بولمىغان كىشىلەر ئىدى. سابىت داموللا ھاجىمنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە كاتىپلىرىنىڭ تولىسى مەزكۇر مەجھۇل مۇھاجىر كىشىلەردىن ئىدى. قەشقەر ھۆكۈمىتى ئەسكىرىي قىسمىنىڭ تەركىبىدە قەشقەرخەلقىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلار بەك ئاز بولۇپ، كۆپچىلىگى غەربىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت ئىدى. گەرچە، بۇلار ھەممىسى تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولسىمۇ، تەبىتى جەھەتتە بىر- بىرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىنسانلار بولۇپ، ئۆز- ئارا چىقىشالماسلىق ھادىسىلىرى ئىبغىر ئىدى. بۇئىختىلاپنى توغرا باشقۇرۇش ۋە مۇنتىزىم بىر تەشكىل ئارقىلىق ھەل قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى، ھۆكۈمەت ئەزالىرى بولغان ۋە داموللا ھاجىمنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە كاتىپلىرى بولغان مەزكۇر كېلىپ چىقىشى نامەلۇم سىرلىق مۇھاجىر زاتلار، ھۆكۈمەت ۋە ئەسكەرلەر ئىچىدىكى يوقىرىقىدەك ئىختىلاپلارنى تۇزۇتۇش ئورىياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە - پاسات ئۇرۇقىنى تېرىپ. ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىشتا ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسەتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن، قىرغىز قوماندانلىرىدىن ئادى بەگ بىلەن باشقا قوماندانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلدى. ئادى بەگنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئۆزبېك قوماندانلاردىن يۇسۇپ جان ۋە قىرغىزلاردىن ئابدۇخالىقنى كۈشكۈرتۈپ ئۆلتۈرتۈۋەتتى. ئادى بەگنىڭ بەش يۈز كىشىلىك ئەسكىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يۇسۇپ جان بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، يۇقىرىقىدەك بىر پىتنە ھازىرلىدى. ئابدۇخالىق، ئادى بەگكە ئوخشاش ئاقىبەتكە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، قەشقەردىن قېچىپ، يەركەنگە ئەمىرئابدۇللانىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. لېكىن، ھېلىقى پىتنىچىلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن داموللا ھاجىم، ئەمىر ئابدۇللاغا خەت يېزىپ، ئابدۇخالىقنىڭ بىر ۋەتەن خائىنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنى ۋە ئەسكەرلىرىنى دەرھال قورالسىزلاندۇرۇپ، قولغا ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمىر ئابدۇللا، داموللا ھاجىمنىڭ بۇسۆزى بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈچ يۈزدەك ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇردى ۋە ئۆزىنى نەزەر بەند ئاستىداخوتەنگە يوللىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، نۆۋەت يۇسۇب جان بىلەن ئوراز بەگنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا كەلگەنىدى. دەل شۇ چاغدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تازغۇن پاجىئەسى يۈز بەردى. لېكىن، ئوراز بەگ ئۆزى مۇلايىم

بىركىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈسۈپ بەگكە قارىتا يامان ھەرىكەتتە بولمىدى. ئەمما، بۇئىككىسى بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ئۆز ئىچىدىن دۈشمەنلىشىدىغان ھالەتكە كەلدى.

مانا، بۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك سىرلىق پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، قەشقەردىكى قورال ئېلىپ يۈرگەنلەر ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، دائىم بىر بىرلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇراتتى ۋە بىر بىرلىرىدىن قورقۇشۇپ خاتىرجەم يۈرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرلىرىگەقارشى قوراللىق گۇرۇھ ھالىغا كېلىپ قالدى. بۇزۇق نىيەتلىك بۇ ئادەملەر، سابىت - داموللاھاجىمنى ئالداپ، «بىز شەرقىي تۈركىستانغا زىيانلىق بو، تەرتىپ - ئىنتىزامسىز ئۆزبېك ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، مىللەتنىڭ ھەقىقىي پەرزەنت ئەسكەرلىرى بولغان قەشقەرلىك ۋە خوتەنلىك ئەسكەرلەرنى قورالاندۇرىمىز» دېيىشتى. لېكىن، كېيىنچە بۇلارنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرىنىڭ، ئىچكى ئىختىلاپنى كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى بوغۇپ تاشلاش ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى.

15- پەسىل

## خوجىنىيازھاجىنىڭ شەخسىيتى ھەققىدە بەزى كۆز قاراشلار

خوجىنىيازھاجى تېخى قۇمۇلدىكى ۋاقتىدىلا، ئۇنىڭ ۋەقەلىرى مۇخبىرلار تەرىپىدىن ئالتى شەھەردە مۇبالىغە بىلەن تارقىتىلغانىدى. خەلقنىڭ نەزىرىدە، بۇ كىشى بىرئۇلۇغ مۇجاھىد ۋە ئالىجاناپ سۈپىتى بىلەن سىمۋول ھالىغا كەلگەنىدى. نەتىجىدە، بۇخىيالى ئالىجاناپ كىشىگە، خەلق غايىبانە بىر ئىخلاس بىلەن سەممىي مۇھەببەت باغلىغانىدى. خوجىنىياز ھاجى تۇرپاننى ئالغاندىن كېيىن، ھەممەكىشى ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن كۆز تىكتى. لېكىن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئارقىدىنلا جىن شۇرىن بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ، پاك مىللىي ئىنقىلابىمىزنى بۇلغىغانلىقى، خەلقنىڭ مۇھەببەت ۋە ئىخلاس ئۈمىدلىرىنى يوققا چىقاردى. ھەركىم ئۇنىڭ بۇخاتالىقىنىڭ ئارقىسىدىكى خەۋپنى سەزمەكتە ئىدى. لېكىن، خەلقنىڭ كۆپچىلىكى، بۇخاتالىقلار ھەقىقىي خاتالىق بولماستىن، ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۇنىڭ ۋاقتلىق تۇتقان يولى بولسا كېرەك دەپ، ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ، بىزخوتەن ئىنقىلابچىلىرى بۇكۆزقاراشتا ئىدۇق خوجىنىياز ھاجىغا بولغان ئۈمىدىمىزنى ۋە مۇھەببىتىمىزنى يوقاتمىغاندۇق. لېكىن، خوجىنىيازھاجى كورلا ۋە كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىزگە ئارقا - ئارقىدىن يازغان خەتلىرىدىن، ئۇنىڭ خوتەنگە كەلگەن ئادەملىرىدىن ۋە بىزتەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەيئەتلەر بىلەن مەخسۇس ئاخبارات توپلاش خادىملىرىمىزنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن خوجىنىيازھاجىنى تېخمۇ ئوبدان تونۇۋالدۇق.

خوجىنياز ھاجىنىڭ تۇغرا بىر پىكرى يوق بولۇپ، لايىق بىرچۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تەبئىي قابىلىيىتى بولمىغان، خوشامەتچىلەرنىڭ سۆزىنى دەرھال قوبۇل قىلىدىغان بىركىشى ئىدى. ھەقىقەتنى سۆزلەپ، ئۇنى خاتا يولدىن ياندۇرۇشقا تىرىشقان كىشىنى دۈشمەن دەپ قارايتتى. شۇنداقلا، خوجىنيازھاجىنىڭ، پۈتۈن ئىنقىلابچىلارنى ۋە خەلقنى ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كاج تەبئەتلىك بىركىشى ئىكەنلىكمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

ھەممىدىن قىزىغى، ئەسكەرنى زامانىۋى ئۇسۇلدا تەربىيەلەپ، تەرتىپ ئىنتىزامغا كىرگۈزۈشنى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئەسكەرلەرنى خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن توسقاندا، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە شجائىتى سۇسلىشىپ قالىدۇ ۋە « بۆھران ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا، ئەسكەرلەرنى ھەربىي ئىنتىزام ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ تەربىيەلەيمىزدەپ، مەجبۇرلىساق، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قىسقان بولىمىز. نەتىجىدە، ئەسكەر لەر بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزغا بويسۇنمايدۇ» دەيدىغان خاتا نەزەرىيەسىنى ئاشكارە سۆزلەپ يۈرەتتى. خوجىنياز ھاجىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە خوشامەتچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىتى سەۋەبىدىن، دۈشمەنگە سېتىلغان بىرقىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى بىر پالاكەتلىك ئاقىبەتكە سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغاندى.

خوجىنيازھاجىنىڭ يوقىرىقىدەك زورخاتالىقلىرى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىش بېشىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇرنىغا لاياقەتلىك بىرسىنى تىكلەش پىكرى ئوتتۇرىغا چىقتى. خوتەن ۋە قەشقەر ھۆكۈمەتلىرى بۇ پىكىرگە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى داۋام قىلدى. پەقەت ئىچكىي ئىختىلاپىدىن ئېھتىيات قىلىپ، خوجىنيازھاجى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ۋە ياردەم قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇق.

بۇ پىكرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خوجىنياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىنى بولغان ۋەخەلقىمىز ئىچىدە مۇنەۋۋەر بىرمىللەتپەرۋەر دەپ تونۇلغان مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق يوللار ئارقىلىق مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇھەقتىكى پىكرىنى ئېلىشقا تىرىشتۇق. مەھمۇد سىجاڭ بۇ پىكىرگە ئاساسەن قوشۇلغان بولسىمۇ، مۇنداق بىرقانچە كۆز قاراشنى تەكىتلىدى: «خوجىنيازھاجى، لاياقەتسىز بىر ئادەم. ئۇنى ئىش بېشىدىن چۈشۈرۈش لازىم. لېكىن، ئۇنىڭ نامى چەت ئەلدە شۆھرەتكە ۋە سىياسى ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق نازۇك بىر ۋەزىيەتتە ئۇنى ئاغدۇرساق، دۇنيا جامەئەتچىلىكى بىزنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز قىيىنلىشىدۇ شوڭا ئۇنىڭ نامىنى ۋە شۆھرىتىنى قوللۇنۇپ، ھازىرچە سەۋىر قىلىپ تۇرايلى».

مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇ پىكرىدە چىڭ تۇرۇشىنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق. ئەمما،

ئۇنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرى خوتەن ۋە قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، خوجىنىيازھاجىغا يول قويۇلدى ۋە تۈزۈتۈش پۇرسىتى ئۆتۈپ كەتتى.

16 ـ پەسىل

## تۇرپان ۋە ئىلىدىكى تۇڭگانلارنىڭ
## ئالتى شەھەرگە يېغىلغانلىقى

قاراشەھەر تۇڭگانلارنىڭ قولىدابولۇپ، مەھمۇد سىجاڭ باش ئەگىمنى ئىستىھكام قىلىپ تۇرغانىدى. بۇ ۋەزىيەت 15كۈن داۋام قىلدى. ئاخىرى ماجۇڭيىڭ، 12ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى قاراشەھەردىكى قوشۇنلىرىنى چىنگە ئالتى شەھەر ياكى چارقىلىق ئارقىلىق ئېلىپ كېتىش يولىنى ئېچىش ئۈچۈن باش ئەگىمگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. مەھمۇد سىجاڭ، چىڭ تۇرۇپ تۇڭگانلارنى باش ئەگىمدىن ئۆتكۈزمىدى. 12ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى كېچىسى، تۇڭگانلار چوڭ يولنى تاشلاپ، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى ساقلاپ ياتقان ھاپىز تەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، چېكىندۇردى ۋەمەھمۇد سىجاڭنى قورشىغىلى باشلىدى. مەھمۇد سىجاڭ مۇھاسىرىدە قېلىشتىن قورقۇپ، ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، كورلىغا چېكىندى. تۇڭگانلار ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلىكتىن كورلىنىمۇ بوشىتىپ،كۇچاغا كەلدى. تۇڭگانلار توختىماستىن كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. مەھمۇد سىجاڭ مەغلۇپ بولۇپ، كۇچادىن بايغا چېكىندى.

خوجىنىياز ھاجى بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ۋە خوتەندىن بارغان ياردەم قوشۇنىنى مەھمۇد سىجاڭنىڭ ياردىمىگە يوللىدى. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، تۇڭگانلار بايغا ھۇجۇم باشلىدى. تۇڭگانلار ھۇجۇم باشلار ـ باشلىماس مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئەسكىرى قاچتى. مەھمۇد سىجاڭ ئۆزى بىر قىسىم ئەسكەرى ۋە خوتەن قىسىملىرى بىلەن قاتتىق تۇرۇپ، ئۇرۇشقان بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەزىيەتتە خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدىن پۈتۈن كۈچىنى ۋە ئاقسۇ ۋالىيسى ئىسمائىل باينىڭمۇ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئاقسۇ ۋە باي ئوتتۇرىسىدىكى قارا يولغۇن دېگەن جايغا كېلىپ توختىدى. بايدىن چېكىنىپ كەلگەن مەھمۇد ـ سىجاڭمۇ كېلىپ، بۇلارغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا 12000 كىشىلىك بىرقوشۇن تۇڭگانلار بىلەن مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىشقا ھازىرلاندى.

12ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، تۇڭگانلار قارايۇلغۇنغا كەلدى.خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنتىزامسىز ئەسكەرلىرى، يىراقتىن تۇڭگانلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا 5 تىن 10 دىن قاچقىلى باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن تۇڭگانلارغا قارشى تۇردى. بۇ چاغدا ئىسمائىل باينى قول ئاستىدا خىزمەتچى بولغان تۇڭگان ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن خوجىنىياز ھاجى ئاتلىنىپ قاچتى،

ئارقىسىدىن پۈتۈن ئەسكەرلەر پاراكەندە ھالدا قېچىشقا باشلىدى.

خوتەندىن ياردەمگە بارغان ئەسكەرلەر قارايۇلغۇندىن توغرا خوتەنگە قايتتى. خوجىنىيازھاجى قارايۇلغۇندىن ئاقسۇغا كەلدى ۋە پۈتۈن نەرسە كېرەكلىرىنى ئېلىپ، توختىماستىنلا ئۈچ تۇرپانغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار ئاقسۇنى ئۇرۇشمايلا ئالدى. بۇ پاراكەندىچىلىك نەتىجىسىدە خوتەن ۋە ئاقسۇ ئەسكەرلىرىدىن بولۇپ، جەمى 5000كىشى خوجىنىياز ھاجىدىن ئايرىلدى. خوجىنىيازھاجىنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىدىنمۇ تەخمىنەن 250 كىشى ئايرىلىپ، خوتەنگە قېچىپ كەلدى.

نەتىجىدە، خوجىنىيازھاجىنىڭ يېنىدا قۇمۇل ۋە تۇرپان ئەسكەرلىرىدىن تەركىپ تاپقان، تەرتىپ ـ ئىنتىزامسىز، دۈشمەننىڭ ئالدىدا بۆرىدىن قاچقان قويدەك قاچىدىغان بىرقىسىم ئادەملەرلا قىلىپ، مۇداپىئە كۈچىنى يوقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىنىيازھاجى ئۈچتۇرپاندىمۇ تۇرالماي تاغ يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ ماڭدى. ئۈچتۇرپاننىمۇ تۇڭگانلار ئىشغال قىلدى.

تەخمىنەن 1ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئىلىدىن قاچقان پۈتۈنلەي مىلتىق ۋە پىلىمۇتلار بىلەن قوراللانغان 3000 كىشىلىك، تۇڭگان قوشۇنى كۇچاغا كەلدى. لېكىن، كۇچادىكى تۇڭگانلار ئۇلارغا ئىشەنمەي شەھەرگە كىرگۈزمىدى. ئۇلارنى شەھەردىن 27 كىلومېتىر جەنۇبتا توقسۇننىڭ دۈشەنبە دېگەن يېرىدە توختىتىپ قويدى. مانا، بۇسۇرەتتە تۇرپان ۋە غولجىدىكى تۇڭگانلارشىڭ شىسەيدىن مەغلۇپ بولۇپ. شەرقتىن ۋە شىمالدىن ئالتى شەھەرگە ياغقىلى تۇردى. قاراشەھەر،كۇچا ۋە ئاقسۇنى ئىشغال قىلىۋالدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدا سان جەھەتتىن تۇڭگانلاردىن كۆپ ۋە ياخشى قوراللانغان قوشۇن بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ لاياقەتسىز قوماندانلىرى، روھىي جەھەتتە چۈشكۈن ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزامسىز ئەسكەرلىرى سەۋەبىدىن يوقىرىدىكى جايلارنى مۇداپىئە قىلالماي تۇڭگانلارغا بوشىتىپ بېرىپ، قەشقەرگە چېكىندى.

1933ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن باشلاپ، شىڭشىسەي تۇرپانغا ئەسكەر ئەۋەتكىلى باشلىدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئايروپىلاندىن، «تۇرپان شەھىرىنى بومباردىمان قىلىمىز، ماجۇڭيىڭنى ھەيدەپ چىقىرىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى تۈركلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ، كېتىمىز» دەپ يېزىلغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تاشلىدى. ئەسلىدەشېڭ شىسەينىڭ مەقستى، بىرتەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ياخشى كۆرۈنۈش، يەنە بىرتەرەپتىن تۇڭگانلارنى قورقۇتۇپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، ماجۇڭيىڭ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، شەھەر ئەتراپىغا بومبا تاشلاپ ئۇنى شەھەردىن قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ماجۇڭيىڭ، 1934ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15كۈنىگىچە تۇرپاننىڭ تاغلىق جايلىرىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ يۈردى. ئاخىرى، 1ـ ئاينىڭ ئايىغىدا قاراشەھەرگە كەلدى. ماجۇڭيىڭ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولۇپ، بەكمۇ ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە ئىدى. چۈنكى، ئۇ قەشقەر تەرەپكە قاچسا، ئۇيەردە توپلانغان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا يوق بولۇشتىن قورقاتتى. ئەگەر،

چارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا قاچسا، ئۇ يەردىكى دۈشمىنى مابۇفاڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقاتتى. (بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىمەن).

ماجۇڭيىڭ داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قۇمۇل قىسمىنىڭ قۇماندانى يولۋاس بەگ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقتى ۋە ئۆزى قۇمۇلنىڭ تاغلىق جايلىرىكى مۇستەھكەم تەبىئى ئىستىھكاملارغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

17- پەسىل

## رامزاننىڭ 20 سىدىن زۇلقەئىدىنىڭ 10غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەر

(1934- يىلى 1- ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن، 1934- يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە)

خوجىنىياز ھاجى ئۈچتۇرپاندىن چىكىنىپ، رامىزان ئايىدا ئاتۇشقا كەلدى. بۇ ۋاقىتقىچە خوجىنىياز ھاجى قەشقەرنى «بولاڭچىلار مەركىزى» دەپ ئاتاپ، قەشقەر ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنى ۋە ئەسكىرىي قوماندانلىرىنى «توپىلاڭچىلار» دەپ ئېلان قىلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، توپ - توغرا قەشقەرگە كىرىشتىن قورقتى. سابىت داموللا ھاجىمغا خەت يېزىپ كەچۈرۈم سورىدى. چېقىمچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن يوقىرىقىدەك مۇئامىلىدە بولۇپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئەندى ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، يېڭىدىن سەمىمىي ئىتتىپاقلىششىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سابىت داموللاھاجىم دەرھال ئاتۇشقا چىقىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشتى. سەمىمىي بىر شەكىلدە مۇزاكىرىلىشىپ، ئۇنى قەشقەرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە كىرىپلا بىرئومۇمىي ھەربىي مەجلىس تەشكىللەپ چىقتى ۋە يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇ يەرنى تېزلىك بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، ماجۇڭيىڭغا قارشى مۇداپىئەگە ھازىرلىنىشنى قارار قىلدى. بۇ قارار بويىچە مەھمۇد سىجاڭ باش قوماندان بولۇپ، پۈتۈن قەشقەر قىسىملىرى ئۇنىڭغا قېتىلدى ۋە يېڭى شەھەر مۇھاسىرە قىلىندى. خوجىنىياز ھاجى، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭمۇ بۇ مۇھاسىرىگە قېتىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئەمىرنۇر ئەھمەدنى 1200كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يېڭىساردىن قەشقەرگە يوللىدۇق.

يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار دەسلەپتە سېپىلدىن چىقىپ ئۇرۇشتى. بىراق ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، بىرقانچە قوماندانى بىلەن نۇرغۇن ئەسكەرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سېپىلدىن چىقماي مۇداپىئەقىلىشقا ئۆتتى. 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگە كەلگەندە تۇڭگانلارنىڭ يا تەسلىم بولۇش يا قېچىشتىن باشقا يولى قالمىغان بىرھالەتتە تۇرغاندا، ئاقسۇ تەرەپتىن نۇرغۇن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇلارنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجى، ئەمىر نۇرئەھمەد

بىلەن بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قەشقەردىن 27 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى «يامانيار» كۆۋرۈكىگە كېلىپ توختىدى. مەھمۇد سىجاڭ، يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس بىر پايىمۇ ئوق ئاتماستىن قاچقىلى قوپتى. ئەمىر نۇرئەھمەد بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئالدىنى تۈستى. خوجىنىياز ھاجى، «سىز تۇڭگانلارنى بىلمەيسىز، مەن بىلىمەن. ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دەپ، ئاتلىنىپ قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قاچتى. ئەمىر نۇرئەھمەد بىرەر سائەت تۇرۇپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قېچىپ كەتكەنلىكتىن، كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چېكىنىپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپ، چېكىنىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ھەممىنىڭ ئالدىدا قەشقەرنى بوشىتىپ، تاشمىلىققا چىقىپ كېتىدۇ. ئارقىسىدىن مەھمۇد سىجاڭ ۋە سابىت داموللا-ھاجىملار كېتىدۇ. قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەرمۇ شەھەرنى تاشلاپ تاغ تەرەپكە قاچىدۇ. ھەممىنىڭ ئارقىسىدىن ئەمىرنۇر ئەھمەد ئاقتۇ ئارقىلىق مېڭىپ، يېڭىسارغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرى پۈتۈنلەي بوشاپ قالىدۇ ۋە 2 - ئاينىڭ 7- كۈنى تۇڭگانلار شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. تۇڭگانلار شەھەرنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سانى ئاڭلانغىنىدەك كۆپ بولماي، پەقەت، مافۇيەننىڭ قول ئاستىدىكى مىڭغا يەتمەيدىغان كىچىك بىر قىسىم تۇڭگان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

قەشقەرگە يېقىن بىرتاغنىڭ ئېتىكىدە توختىغان ئۆزبېك ئەسكەرلىرى بۇنى ئاڭلاپ، 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەھەردە، قەشقەر شەھىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، مافۇيەننىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە شەھەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تارتىۋالدى. ئەپسۇسكى، ئۆزبېكلەرغەلىبىلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، ھەممىسى بىخرامان ئولجا توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ھالەتتە، مافۇيەن يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلاردىن ياردەم ئېلىپ، شەھەرگە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلدى ۋە غەپلەتتە تۇرغان ئۆزبېكلەرنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئۆزبېكلەردىن تولىسى پاراكەندە بولۇپ قاچتى. تار بىر يەردە موھاسىرىدە قالغان 120 كىشى تۆت سائەت دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ ئاخىرى ئوقلىرى تۈگەپ تەسلىم بولدى. تۇڭگانلار تەسلىم بولغان بۇ 120 كىشىنى پاجىئەلىك شەكىلدە شېھىت قىلدى.

مافۇيەن، قەشقەر شەھەرخەلقى ئۆزبېكلەرنى قارشى ئالدى دېگەن باھانە بىلەن شەھەرئىچىدە قاتتىق قىرغىنچىلىق باشلىدى. يىگىرمە تۆت سائەت داۋام قىلغان بۇ قەتلىئامدا 4000 دىن كۆپرەك بىگۇنا خەلق شېھىت بولدى. تۇڭگانلارشەھەردىكى مەدرىسىلەر، سارايلار ۋە ئۆيلەرنى بولاپ تالىدى ۋە ئوت قويۇپ، ۋەيران قىلىۋەتتى. چەتئەللىكلەرمۇ بۇ قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىپ قالالمىدى. ئافغانىستان كونسۇلى مەھەممەد شىرىپ خان ئۆلتۈرۈلدى. ئىنگلىز كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرىدىن ئىككى

ھىندىستانلىق ئۆلتۈرۈلدى ۋە كونسۇلنىڭ ئايالى يارىدار بولدى.

بۇ ھادىسىلەردىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى، سابىت داموللام، مەھمۇد سىجاڭ ۋە ئۆزبېك يۇسۇپ جان باشلىق كاتتىلار ۋە قوماندانلار ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھەممىسى يېڭىسارغا توپلاندى. ئۇلار يېڭىساردا تۇرۇپ، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، خوجىنىيازھاجى بۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، يەركەنگە ماڭدى. ئەمىرنۇر ئەھمەد، سابىت داموللام ۋە يۇسۇپ جانلار يېڭىساردا قالدى. يېڭىساردا يۇسۇپ جاننىڭ يۈز ئۆرۈپ خائىنلىق قىلىشقا ھازىرلانغانلىقى سېزىلىپ قالدى. سابىت داموللام ئەمىر نۇرئەھمەتكە يۇسۇپ جاننى تۇتۇپ، ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. لېكىن بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. يۇسۇپ جان قارشىلىق قىلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا بىرئاز توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. ئاخىرى يۇسۇپ جان مەغلۇپ بولۇپ، تاققا قېچىپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن، سابىت داموللامۇ يەركەنكە كېتىپ، يېڭىساردا ئەمىرنۇرئەھمەد 2000 كىشىلىك ئەسكىرى بىلەن قالدى.

خوجىنىياز ھاجى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەركەنگە كەلدى. ئۇنىڭ مىللەتكە كەلتۈرگەن زىيانلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ لاياقەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، خوجىنىياز ھاجىنى يىقىتماي تۇرۇپ، مىللىي ئىنقىلابىمىزنىڭ بېشى ئوڭلانمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇقېتىم قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى، يەركەندىن چىقارماي ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ۋە بۇ قوراللار بىلەن خوتەن قىسىملىرىنى قوراللاندۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى ھەقىقىي بىر تاقابىل تۇرۇش فرونتى ئېچىشنى قارار قىلدۇق.

بۇئىشنى قان تۆكمەستىن ھەل قىلىش ۋەزىپىسى ئەمىر ئابدۇللاغا بېرىلدى ۋە ئەمىر ئابدۇللا ھازىرلىقىقا كىرىشتى. لېكىن، سابىت داموللام باشلىق بىرقىسىم كىشىلەر، بۇ ئىشتىن كۈتكىنىمىزدەك ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمىر ئابدۇللانى بۇ ئىشتىن سوۋۇتۇپ تۇرغان بىر پەيتتە خوجىنىياز ھاجى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ قالغان. ئۇ دەرھال ئەمىر ئابدۇللانى ئۆزىدىن خۇرسەن قىلىش نىيىتى بىلەن، 1933- يىلى 8 ـ ئايدا، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان ھاپىز تەنجاڭنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ، ئەمىرئابدۇللاغا تاپشۇردى. روسلاردىن ئالماقچى بولغان قوراللارنىڭمۇ ھەممىسىنى تەرتىپ ۋە ئىنتىزاملىق بولغان خوتەن قىسىملىرىغا بېرىپ، ئۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرۇدىغانلىقىقا ۋەدە قىلدى ۋە ئەمىر ئابدۇللانى يۇمشاتتى. بۇ ئەھۋالدا، خوجىنىياز ھاجىنى قورالسىزلاندۇرۇش بىرئىچكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەپ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ «ۋەدە» سىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، خوجىنىياز ھاجى ئۆز ئەسكىرى ۋە بىرقىسىم خوتەن ئەسكىرىدىن تەركىپ

تاپقان بىرەرمىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، يەركەندىن يولغا چىقىپ، بەشكەرەم يولى بىلەن ئەركەشتامغا كەتتى. تۇڭگانلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن، زور ھەرىبي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بەزىدە ئۇرۇشۇپ، بەزىدە قېچىپ دېگەندەك تۇڭگانلاردىن قۇتۇلۇپ ئەركەشتامغا يېتىپ باردى. بىرگە ئېلىپ ماڭغان ئەسكەرلەرنى خەتەرلىك جايلاردىن سالامەت ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇۋەتتى. بۇ ئەھۋالدا يېكسار ۋە يەركەنگە ياردەم ئەۋەتىشكە توغرا كەلدى. بىز مەرھۇم دوختۇر ئابدىغنى ئاخۇننىڭ قوماندانلىقىدا پيادە ۋە ئاتلىق قوشۇنلىرىمىزدىن ئارقا ـ ئارقىدىن يوللىدۇق. بۇ ئەسكەرلىرىمىز ئۇدۇل يېڭىسارغا بېرىپ، ئەمىر نۇرئەھمەدنىڭ قوماندانلىقىغا كىردى.

خوجىنىياز ھاجى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەمىرئابدۇللا بىلەن كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، «روسلاردىن قورالنى ئالتۇنغا سېتىپ ئالىمەن. قولۇمدا بۇنىڭغا يەتكۇدەك ئالتۇن يوق» دەپ، خوتەن ھۆكۈمىتىدىن ئىككى مىڭ سەر(20000 مىسقال[118]) ئالتۇن تەلەپ قىلدى. ئەمىر ئابدۇللا خوجىنىياز ھاجىغا، بۇ تەلىپىنى خوتەن ھۆكۈمىتىگە ئۆزى بىۋاستە بىرھەيئەت يوللاپ بىلدۈرۈشنى ئەيىتتى. خوجىنىياز ھاجى خوتەنگە بىرھەيئەت ئەۋەتىپ بۇ تەلەپىنى بىلدۈردى. بىزچە، روسلارنىڭ بۇ قورال سېتىپ بېرىشىدىن ھېچ ئۈمىد يوقتى. بىراق، خوجىنىياز ھاجىنىڭ بىر غەرەز بىلەن بۇتەلەپىنى قويغانلىقىنى ھېس قىلغان بولساقمۇ قورال، سېتىۋېلىش مۇقىملاشقاندىن كېينلا بېرىش شەرتى بىلەن ئەمىر ئابدۇللا ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجىغا مىڭ سەر ئالتۇن ئەۋەتىپ بېرىشنى ماقۇللىدۇق. قورال سېتىۋېلىنمىغان تەقدىردە ئالتۇننىڭ خوتەنگە قايتۇرۇلۇشنى تاپىلىدۇق. بۇ ئارىدا خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتامغا بارمىدى ۋە ئالتۇن ئەمىر ئابدۇللادا قالدى. 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ماجىسانىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئابدىغنى ئاخۇن قېچىپ يەركەنگە كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئەسكەرلىرىمىزمۇ قېچىپ قۇتۇلدى.

18 ـ پەسىل

## ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكى

ماجۇڭيىڭ قاراشەھەرگە كېلىپ، قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىش، ياكى، چارقىلىق بىلەن گەنسۇغا قېچىش ھەققىدە ئىككىلىنىپ تۇرغان چاغدا،كۇچادىكى ئىلىدىن قېچىپ كەلگەن تۇڭگانلار ماجۇڭيىڭغا بويسۇنماي، چارقىلىق يولىدىن گەنسۇغا قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقانىدى. بۇئىككىلىنىش ئەسناسىدا ماجۇڭيىڭ، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان مافۇيەننى قەشقەردىكى مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، 800 ئاتلىق تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن ئەۋەتكەنىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ

118 تەخمىنەن يەتتە كىلو (ن. ش. ھ.).

مەقستى، ئەگەر، قەشقەردىكى مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچى كۆپ بولۇپ، مافۇيەن مەغلۇپ بولسا، قەشقەرگە بارماي ئۇدۇل چارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا كېتىش. ئەگەر، خوجىنىياز ھاجى ھەردائىمكى ئادىتى بويىچە مافۇيەنىنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ. كۆرمەس قېچىپ، يولنى بوشىتىپ بېرىدىغان ئەھۋال بولسا دەرھال قەشقەرگە بېرىش ئىدى. مافۇيەن قەشقەرگە كەلگەندە، خوجىنىياز ھاجى باشلىچىلىقىدا پۈتۈن مىللىي قىسىملارنىڭ شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ماجۇڭيىڭ، دۈشمەن كەلگەن ھامان قەشقەرگە قېچىشنى پىلانلىدى ۋە كۇچادىكى ئىلىدىن قېچىپ كەلگەن تۇڭگانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىمۇ قەشقەرگە بېرىشقا ۋە بىرلىششكە قايىل قىلغانىدى.

شىڭ شىسەي، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، روس گېنېرالى بېكتېف قوماندانلىقىدا روس، تاتار، قازاق ۋە چىنلىقلاردىن تەركىپ تاپقان 3500 كىشىلىك بىرقوشۇننى چوڭ يول بىلەن قارا شەھەرگە يوللىدى. يەنە چېگرا بويىلاپ، 800 روس ئەسكىرىنىمۇ قارا شەھەرگە ماڭغۇزدى. بۇ قوشۇن قارا شەھەرگە يېقىنلاشقاندا تۆت ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ، قارا شەھەرنى بومباردىمان قىلدى. بومباردىماندا زەھەرلىك گاز بومبىلىرىمۇ قوللىنىلغانلىقتىن نۇرغۇن بىگۇنا خەلق ئۆلدى. ماجۇڭيىڭ شۇ كۈنى قاراشەھەردىن قېچىپ،كۇچاغا كەلدى ۋە ئۇ يەردىكى تۇڭگانلارنى قەشقەرگە يولغا سالدى. روسلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،كۇچادا 2000 تۇڭگاننى قويۇپ، ئۆزى ئاقسۇغا ماڭدى. ئەرتىسى شېڭنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، ئىككى سائەت ئىچىدە تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلىپ،كۇچاغا قوغلىدى. ماجۇڭيىڭ ئاقسۇدىن قېچىپ، 3 ـ ئاينىڭ11ـ كۈنى، قەشقەرگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن تۇڭگانلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، قەشقەرگە يىغىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئەمىر ئابدۇللا تۇڭگانلارنىڭ مارالبېشى ئارقىلىق يەركەنگە كېلىشىنى توساش ئۈچۈن، قوماندانلىرىدىن ئەبەيدۇللا ئاخۇن، قوربانىياز ھاجى ۋە ئابدۇلھېكىم ئاخۇن باشچىلىقىدا مارالبېشىغا ئەسكەر يوللىدى. بۇلار مارالبېشى بىلەن مېڭىپ، يەركەنگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقان تۇڭگانلار بىلەن «ئوقارئۆستەڭ بېشى» دېگەن جايدا ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى چېكىندۈردى. تۇڭگانلار نىڭ يېنىپ قەشقەرگە قاراپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە يەركەنگە قايتىپ كەلدى.گېنېرال بېكتېف. ماجۇڭيىڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ،كۇچانى ئالدى. ئۇيەردىن ئاقسۇغا كەلدى ۋە 1934ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شۇ يەردە قالدى. بۇكۈنلەردە ماجۇڭيىڭمۇ قەشقەردە ئىدى.

19ـ پەسىل

## ئىنقىلابنىڭ پاجىئەلىك سەھنىلىرى

1934ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ماجۇڭيىڭ بىزدىن يېڭىسارنى تالاشقىلى تۇردى. بىز يېڭىسارنىڭ ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەردۇق ۋە خوتەندىن يېڭىسارغا ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر يوللىدۇق.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ماجۇڭيىڭ يېڭىسارغا ھۇجۇم باشلىدى. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئەمىر نۇرئەھمەد شەھەردە مۇھاسىرىدە قالدى. مۇجاھىدلار، تۇڭگانلارنىڭ كېچە - كۈندۈز قىلغان قاتتىق ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى ۋە دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. نەتىجىدە، دۈشمەن يېقىندىن ھۇجۇم قىلىشنى تاشلاپ، ئۇزاقتىن توپ ۋە پىلىموتلاردىن ئوق ياغدۇرغىلى باشلىدى. 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئەمىر ئابدۇللا يەركەندىن يېڭىسارغا كەلدى. سان ۋە قورال جەھەتتىن خېلى ئۈستۈن بولغان تۇڭگانلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئارقىغا چېكىندۈردى. لېكىن، كەچتە تۇڭگانلار ئوڭ تەرەپتىكى قىسىملىرىمىزنى قورشاۋغا ئېلىۋالدى ۋە سەپ بۇزۇلدى. ئەمىر ئابدۇللا بۇلارنى تەرتىپكە سالىمەن دەپ، ئات سېلىپ كېتىپ بارغاندا ئېتىغا ئوق تېگىپ، يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاتتىن يىقىلغان يېرى جەڭ مەيدانىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك نۇقتىسى ئىدى. يېنىدىكى ھەمرالىرىدىن تولىسى شېھىت بولدى ۋە بەزىلىرى قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئابدۇللا كۆرۈنمەي قالدى. يەنى، ئۇنىڭ شېھىت بولغانلىقى ياكى ھايات قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ يەركەندىن كەلگەن ئەسكەرلىرىمىز ئېغىر ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، پاراكەندە ھالدا يەركەنگە قاچتى.

قېچىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى سابىت داموللام قىزىلدا توختاتتى. داموللام پۈتۈن خوتەن قىسىملىرى ۋە مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، يېڭىسارغا يەنە بىرقېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، تۇڭگانلارنى چېكىندۈرۈش، ھېچ بولمىغاندا ئەمىر نۇر ئەھمەد نى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ بىرلەشكەن قوشۇن مەھمۇد سىجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا 4 - ئاينىڭ 7- كۈنى يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. تۇڭگانلارنى تۆت ئەتراپتىن قورشاپ ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇ ھالەتتە ،مەھمۇد سىجاڭنىڭ قوماندانلىرىدىن ھاپىز تەنجاڭ، ھېچ بىر سەۋەپسىز فرونتنىڭ بىر تەرىپىنى تاشلاپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قاچتى. تۇڭگانلار ئۇتەرەپكە قاراپ، شىددەتلىك بىرھۇجۇم بىلەن سەپنى بۆسۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ قاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇڭگانلار توپ ۋە پىلىموتلىرىنى خوتەن قىسىملىرى بارتەرەپكە قارىتىپ، ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. پۈتۈن قوشۇن يەنە قىزىلغا توپلاندى. لېكىن، مەھمۇد سىجاڭ، قىزىلدا توختاشنى مۇناسىپ كۆرمەي كۆك راباتقا كەتتى ۋە خوتەن قىسىملىرىمۇ كۆك راباتقا كەلدى.

خوجىنىيازھاجى ئەركەشتامدىن قورۇق قول قايتىپ كەلدى. كۆك راباتتىكى ئەسكەرلەر گە مەھمۇد سىجاڭنى قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزى سابىت داموللام بىلەن يەركەنگە كەلدى. 4 -ئاينىڭ 12 - كۈنى، بۇ پاجىئەنىڭ خەۋىرى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. مەن شۇ كېچىسى يەركەنگە يۈرۈش قىلدىم . 16- كۈنى گۇمىغا كېلىپ، ئارقامدىن كېلىدىغان ئەسكەرلىرىمىزنى ساقلىدىم. ئۇلار

كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئالدىن يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزەم بەش كۈن گۇمىدا تۇردۇم. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يولغا چىقىپ، 23 ـ كۈنى قاغىلىققا كەلدىم. ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ، 25 ـ كۈنى پوسكامغا كەلدىم ۋە كېلىپلا يېڭىساردىن تۆۋەندىكى ئىككىنچى بىر پاجىئە خەۋىرىنى ئالدىم. ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

يۇقىرىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئەمىر نۇرئەھمەدكە ياردەم ئەۋەتىش مۇمكىن بولمىغانىدى. تۇڭگانلار قەشقەردىكى پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، شەھەرنى تۆت ئەتراپىدىن مۇھاسىرىگە ئالدى. كېچە ـ كۈندۈز توختىماي توپ ئېتىپ، پىلىمۇت بىلەن ئوققا تۇتۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئەمىر نۇرئەھمەت ۋە ئەسكەرلىرى ھەرجەھەتتە ئۆزىدىن قاتمۇقات ئۈستۈن دۈشمەنگە مىسلىسىز قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، تۇڭگانلارنىڭ بۇ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۇرىدۇ. بۇ ۋەزىيەت 3 ـ مۇھەررەمگىچە داۋام قىلغان.

ئاخىرى، تۇڭگانلار سېپىلنىڭ بىر تەرىپىنى كولاپ پارتلاتقۇچى كۆمۈپ، پارتلىتىپ، بىرقىسمىنى يىقىتتى. يىقىلغان يەردىن بېسىپ كىرگەن تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرئېلىنغان. بۇ شەكىلدە ئۇرۇش يەنە تۆت ـ كېچە كۈندۈز داۋام قىلىپ، 8 ـ مۇھەررەمگە كەلگەندە تۇڭگانلار ھۇجۇملىرىنى توختىتىپ، ئوتتۇرىدا بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن. مۇجاھىدلار ئۇرۇش توختىدى دەپ چۈشۈنۈپ، كېچە- كۈندۈز ئۇرۇشۇپ ھېچ دەم ئالمىغانلىقتىن ۋە ئۇيقۇسىز قالغانلىقتىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىرئاز ئىستىراھەتكە بېرىلگەن . بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر غەپلەت ئۇيقۇسى بولغانىدى. تۇڭگانلار سەھەردە سېپىلنىڭ ھېلىقى يىقىلغان يېرىدىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، سېپىل ئۈستىدىكى ئاز ساندىكى مۇھاپىزەتچىلەرنى شېھىت قىلىپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىدۇ. ئىستىراھەت ھالىتىدىكى ئەسكەرلەر يېتىشىپ كەلگىچە، بىرقانچە مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. سېپىل ئۈستىدە ۋە شەھەركوچىلىرىدا تۆت سائەت دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز ئېلىشىپ، ئەسكەرلىرىمىزدىن بىرەرمىڭ كىشى شېھىت بولدى 400 گە يېقىنى ئەسىرگە چۈشتى. بۇئارىدا سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئەمىرنۇرئەھمەد بىردىن غايىپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەررەمنىڭ 8 ـ كۈنى، 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئەسكەرلىرىمىز پاراكەندە بولۇپ قاچىدۇ. بۇلاردىن مىڭ بەش يۈزدەك كىشى يەركەنگە قېچىپ كېلىدۇ.

ئىمىن ۋاھىدى، ئۆزىنىڭ 1938 ـ يىلى 12- ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يازغان، «ئىنقىلاب خاتىرىسى» نىڭ «يېڭىسار ئۇرۇشى» بۆلۈمىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ماجۇڭيىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمىر نۇرئەھمەد نىڭ قوشۇنىدا ياخشى قورallar يوقتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يىگىرمە كۈندەك يېڭىسارنى يىگىتلەرچە مۇداپىئە قىلىپ، تۇڭگانلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بۇجەرياندا،

تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇۋېلىنغان تۈرك ياشلىرى، مىلتىقلىرىنى ۋە ئوق - دورىلىرىنى ئەمىر نۇرئەھمەدنىڭ ئەسكەرلىرىگە، سېپىلدىن سۇنۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا شېھىت بولدى».

شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار يېڭىسارنى ئىشغال قىلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەتەنپەرۋەر، قەھرىمان ئەۋلادى بولغان ئىككى ئىنىم غايىپ بولدى.گەرچە، بۇلارنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ياكى شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. لېكىن، بۇئىككىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن ھېچقانداق ئۈچۈر ئالالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنى ۋەتەن ۋە مىللەت يولىدا شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتتى، دەپ، ئىشىنىمىز.

تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ئادىتى بويىچە، ئىككى كېسىلگەن باشنى ئەمىر ئابدۇللا ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد نىڭ بېشى دەپ، قەشقەردە ئېسىپ قويدى. لېكىن، بۇئىككى كېسىلگەن باش مۇجاھىدلار قوشۇنىدىكى ئافغانلاردىن يۈز بېشى ھاشىم شاھى مەردان ۋە بازمەھەممەد خانلارنىڭ بېشى ئىدى.[119]

پوسكامدا يۇقىرىقى قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىرسائەتتىن كېيىن يەنە بىر يامان خەۋەر كەلدى: خوجىنىياز ھاجى، ئىككى ئىنىمنىڭ غايىپ بولغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يەركەندىكى مەركىزىمىزنى ئىگەللەپ، ئەمىر ئابدۇللانىڭ ئۇرۇنباسارى شىرئەلىخاننى ھاقارەتلىگەن ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ پۈتۈن ئۆي سەرامجانلىرىنى، قىممەتلىك نەرسەكېرەك ۋە خەزىنىنى ئېلىۋالغان. بۇرۇن خوتەن ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن 1000 سەر ئالتۇننى، ئامانەت قويغان كىشىنى قورقۇتۇپ، ئۇنىمۇ ئېلىۋالغان. كۆك راباتتا بولىسا مەھمۇد سىجاڭ، قاتمۇقات مۇسىبەتكە ئۇچرىغان قوماندان ۋە ئەسكەرلىرىمىزنى چەتكە قېقىپ، ھاقارەتلىگەن . مانا، بۇ ئىككى دەھشەتلىك خەۋەردىن كېيىن، ئالدىمدا تۇرغان شۇ ئىككى يولدىن بىرىنى تاللىۋېلىشىم كېرەك ئىدى: (1) دەرھال يەركەنگە بېرىپ، خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، يېڭى بىر كۈچ تەشكىل قىلىش ۋە قايتارما ھۇجۇمغا جىددى ھازىرلىق قىلىش. (2) بۇنداق بىرلىششكە مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە، سابىت داموللام ۋە خوتەن قوماندانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خوتەن

[119] بۇ ھادىسىدىن 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئەللىپنىڭ خانىمى ئامىنە بوغرا يېڭىسارغا كەلگەندە، يېڭىسار ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇجاھىد لاردىن پازىل ئىمام ئاخۇنۇم، ئەمىر ئابدۇللا ۋە ئەمىر نۇرئەھمەد نىڭ جەسىدىنى، ئۇلارنى تونىدىغان كىشىلەر كېچىسى ئۇرۇش مەيداندىن يوشۇرۇنچە ئېلىپ چىقىپ، «يېشىل گۈمبەز مازارلىقى» غا دەپنى قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئامىنە بوغرا بۇلارنىڭ قەۋرىلىرىنى يول بويىغا يۆتكىتىپ قەۋرە قاتۇرۇپ قويغانىدى. 1980 - يىل مازارلىقنى تۈزلەپ ئۇرنىغا تاشيول ئىدارىسى سالماقچى بولغاندا يېڭىسارخەلقى، بۇئىككى قەۋرىنى باشقا بىرجايغا يوتكەپ قويغان. 1990 يىلى، مەن ۋەتەنگە توققان يوقلاش ئۈچۈن بارغىنىمدا، ئۇ ئىككى قەۋرىنى يېڭىسار - خوتەن تاشيولى بويىدىكى «شېھىتلىقىم» مازارلىقىغا يۆتكەپ، باشقىدىن قەۋرە قاتۇرۇپ قويدۇم (ن. ش. ھ.).

ئەسكەرلىرىنى تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن خوتەنگە قايتۇرۇپ كېلىش. مەيلى قايسى يولنى تۇتمايلى مېنىڭ يەركەنگە بېرىشىم كېرەك ئىدى. خوجىنىياز ھاجىغا بىرپارچە خەت يېزىپ، ئەتە يەركەنگە كىرىدىغانلىقىمنى مەلۇم قىلدىم. خوجىنىياز ھاجى مېنىڭ يەركەنگە كىرىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، بەك قورقۇپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىنسانىيەتسىزلىك قىلمىشلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن كىرىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ماڭا ھازىرچە يەركەنگە كىرمەي، ئۇدۇل كۆك راباتقا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى قولۇمغا ئېلىشىمنى تەكلىپ قىلىپ، خەت چىقاردى. مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي، «ئالدى بىلەن يەركەنگە كىرىپ، سىلى بىلەن قىلىشىدىغان ئاساسلىق بىرمۇزاكىرە نەتىجىسىدە، بۇندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى تەيىن قىلىشىمىزلازىم» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ كېرگۈزىۋېتىپ، ئەرتىسى، مۆھەررەمنىڭ 11- كۈنى ئەتتىگەندە يەركەنگە ماڭدىم.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ يەركەندىكى مەركىزىمىزدىن بۇلاپ - تالىغان نەرسىلەرنى يۈزدەك تۆگىگە يۈكلەپ، پوسكامغا ماڭدۇرغان كارۋىنى ئالدىمىزغا ئۇچرىدى. يېنىمدىكى قوماندان ۋە ئەسكەرلىرىم بۇنى كۆرۈپ جىددىلىشىپ قالدى. مەن ئۇلارغا چېقىلماستىن تىنچ ئۆتۈپ كېتىشنى ئوقتۇردۇم. يېرىم يولدا خوجىنىياز ھاجى ئىككى يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىدى. بىز بىر يەردە ئولتۇرۇپ يېرىم سائەتچە سۆزلەشتۇق. سۆزىنىڭ باش - ئايىغىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. چۈنكى، كۆزى دائىم بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدە بولۇپ، قورقۇپ دەھشەت ئىچىدە قالغانلىقىنى يوشۇرالماي قالدى. پاتراق قوپۇپ مېڭىپ كېتىشنىڭ غېمىدە ئىدى. ئاخىرى «بالا- چاقالىرىم پوسكامغا كەلگەننىكەن. ئىككى ئايدىن بېرى ئۇلارنى كۆرمىدىم . ئۆزلىرىنىڭ يەركەنگە بۇگۈن كېلىشلىرىدىن خەۋىرىم يوق ئاتلىنىپ چىقىپتىمەن. مەن ھازىر پوسكامغا بېرىپ، ئەتە يېنىپ كىرىمەن. ئۆزلىرى ئۇچاقىچە يەركەندە تۇرۇپ تۇرسىلا. مەن كىرگەندىن كېيىن مۇزاكىرىلەشسەك» دېدى.

مەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېچىپ چىققانلىقىنى ۋە تا قىيامەتكىچە يەركەنگە قايتا كىرمەيدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇنىڭ يەركەندە بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىراق دەپ ئويلاپ، يەركەنگە ماڭدىم. كېچە سائەت 12 دە يەركەنگە كىرىپ، سابىت داموللا ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ھەققىدە مۇزاكىرىگە كىرىشتۇق. بىراق، داموللامۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان بولۇپ، خىيالىدا جېنىنى قۇتقۇزۇپ چەت ئەلگە قېچىشتىن باشقا نەرسە قالمىغان بىرھالەتتە ئىكەن. مەن يەركەندە 24 سائەت تۇردۇم. مۇھەررەمنىڭ 12- كۈنى (4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى)، ئىشەنچلىك كىشىلەرماڭا شۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى: خوجىنىياز ھاجىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان بولۇپ، سابىت داموللامنى ۋە مېنى ئەسىرگە ئالماقچى ياكى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن.

ئۇندىن كېيىن، خوتەنگە بېرىپ، خوتەن ھۆكۈمدارى مېلىك ھەزرىتىمنى تۇتۇپ خوتەننىڭ

خەزىنىسىنى قولغا چۈشۈرمەكچى؛ ئۇ يەردىن خوتەن قېيى يولى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، ئۇ يەردىكىشىڭ شىسەينىڭ روس ۋە چىنلىق قوماندانلىرىغا بۇخزمىتىنى دوكلات قىلىپ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى؛ شۇڭا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ پىلاننى بۇگۈن يا ئەتە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولدى.

يېڭى شەھەردىكى خوجىنياز ھاجىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى يۇقىرىقى خەۋەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن دەرھال يېڭى شەھەردىكى ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ كونا شەھەرگە يۆتكىلىپ كىردىم. دېگەندەك؛ مېنىڭ يېڭى شەھەردىن ئايرىلغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئۆلارخۇددى چوڭ بىر غەنىمەتنى قوللىرىدىن چىقىرىپ قويغاندەك ئالاقزادىلىشىپ كەتتى. خوجىنياز ھاجى بۇنى ئاڭلاپ، ماڭا خەت يېزىپ، بىر قانچە كاتتىۋاشلىرىنى يوللىدى. خەتنىڭ مەزمۇنى، ئۇنىڭ بىزگە قارىتا ھېچقانداق بىر يامان نىيىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ، قەسەم قىلىپ، مېنى ئالداشتىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن ئادەملىرى ئارقىلىق ئېغىزدىن مۇناسىپ جاۋاپ بېرىپ، ئەگەر ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ ئىشنى ياخشى تەرەپكە باشلاش نىيىتى بولسا، خوجىنياز ھاجى ئۆزى يەركەنگە كىرسۇن، دەپ، ئېيتتىم. كېيىنچە، خەۋەرچىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن، خوجىنياز ھاجىنىڭ ماڭا ۋە سابىت داموللا ھاجىمغا سۇيىقەست قىلماقچى بولغانلىقىدىن ھېچ شۈبھى قالمىدى.

ئەرتىسى مۇھەررەمنىڭ 3 ـ كۈنى، داموللامنى دەرھال كونا شەھەرگە كىرىپ، مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇشنى ياكى مەخپى يول بىلەن خوتەنگە كېتىشنى بىلدۈرۈپ، ئادەم يوللىدىم. چۈنكى، داموللام شەھەرنىڭ تېشىدا بىر باغدا تۇرۇۋاتاتتى. يېنىدا ئەسكەر يوقتى ۋە سۇيىقەست قىلىنسا قوغدىنىشى مۇمكىن ئەمەستى. داموللام، كونا شەھەرگە كىرمەي ئەتە مەخپى ھالدا خوتەنگە مېڭىپ كېتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇكۈنى مەھمۇد سىجاڭ، پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، تويۇقسىزلا كۆك رۇباتتىن يېڭى شەھەرگە يېنىپ كىردى. بىزنىڭ كۆك رۇباتتا قالغان ئەسكەرلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كونا شەھەرگە كىردى. قوماندانلىرىمىزمەھمۇد سىجاڭنىڭ يەركەنگە كىرىشىنىڭ سىرلىق ئەھۋال ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. شۇڭا، مەن يېڭى شەھەرگە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى چىقمىدىم. كېسەللىكىمنى باھانە قىلىپ، بىرقانچە كىشىنى چىقارتىپ كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىنى ئادا قىلىپ قويدۇم. ئاقشام سائەت تۆتكە يېقىن مەھمۇد سىجاڭ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۆزى كەلدى. يېرىم سائەتتەك ئولتۇرۇپ، ھېچنەرسىنى مۇزاكىرە قىلمايلا چىقىپ كەتتى.

بىرسائەتتىن كېيىن، مەھمۇد سىجاڭنىڭ، ھاپىز تەنجاڭنى بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن چىقىرىپ، سابىت داموللاھاجىمنى تۇتۇپ، قوللىرىنى باغلاپ ۋەھشىيانە بىرھەرىكەت بىلەن يېڭى شەھەرگە ئېلىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇ يەردە داموللامنى خەلق ئالدىدا ھاقارەت قىلىپ باغلاپ قويغانلىق خەۋىرى كەلدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال مەھمۇد سىجاڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئېتىرازنامە بىلەن ئادەم

كىرگۈزدۈم ۋە دەرھال سابىت داموللا ھاجىمنى بوشىتىپ، يېنىمغا چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. مەھمۇد سىجاڭ بۇنىڭغا، «مەندىن خەۋەرسىز ئادەملىرىم شۇنداق قىلىپتۇ. مەن ئەتە داموللامنى ھۇزۇرلىرىغا چىقىرىپ بېرىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى (1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى).

شۇ كۈنى كەچتە خەۋەرچىلىرىمىز، مەھمۇد سىجاڭ ۋە قوماندانلىرىنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن بۇ كېچە قانچىلىك بەدەل كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر، مېنى چوقۇم تۇتۇشقا ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قارار قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەن دەرھال قوماندانلىرىمنى يىغىپ، ئەھۋالنى مۇزاكىرىلەشتىم. ئۇلار مۇنداق دەپ پىكىر بەردى: «ماموت سىجاڭنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قورال بىلەن جاۋاپ بېرىشتىن باشقا چارە يوق. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش ئېھتىمالى تەڭ نىسبەتتىدۇر. چۈنكى، ئەسكەرلىرىمىز ناھايىتى چارچاپ كەتكەن ۋە روھىي سىنغان بىرھالەتتە. بىز ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى سىلىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇنلىرىدا بىركىشىنى قويۇپ، بۇ كېچە يوشۇرۇن ھالدا خوتەنگە مېڭىپ كەتسىلە. ئەگەر، مەھمۇد سىجاڭ بىزگە يامان نىيەتتە بولسا، ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاپ بېرىمىز». بۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن مەن، يېنىمغا ئاتمىش كىشىنى ئېلىپ كېچىسى، شەھەردىن چىقىپ كەتتىم. ئارقا يولدىن يۈرۈپ، 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى گۇمىغا كېلىپ توختىدىم.

شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ مېنى تۇتۇش ۋە خوتەنگە يۈرۈش قىلىش پىلانى سۇغا چىلاشتى. مەھمۇد سىجاڭ ئەتىسى ئاقشامغىچە مىنىڭ كەتكەنلىكىمدىن خەۋەرسىز قالدى. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان مەھمۇد سىجاڭ، پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئورنۇمدا قالغان قوماندانلىرىمىزدىن غاپپار ھاجى، تۇرسۇن باقى خان ۋە مەھەممەت ئەيسا خان قاتارلىقلارنى ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە تۇرۇپ، تۇڭگانلاردىن مۇداپىئە قىلايلى، دېگەن باھانە بىلەن يېڭى شەھەرگە ئېلىپ كىرىشىنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇنىڭدىكى مەقسىتى، كۆپۈنچىسى پىيادە قىسىملاردىن تەركىپ تاپقان خوتەن قوشۇنىنى تۇڭگانلارغا قارشى ئالدىنقى سەپكە چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارقىسىدىن ئاقسۇغا يۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. قوماندانلىرىمىزمەھمۇد سىجاڭنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالغانلىقتىن بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. لېكىن، شەھەر ئەتراپىدىكى بىرقىسىم ئەسكەرلىرىمىزنى زورلۇق بىلەن يېڭى شەھەرگە كىرىشكە مەجبۇرقىلدى. قوماندانلىرىمىزدىن بەزىلىرى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ خوتەنگە يۈرىدى. غاپپار ھاجى باشلىق بىرقانچە قوماندانلىرىمىزمەھمۇد سىجاڭنىڭ تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلماي كوناشەھەردە تۇرىۋەردى.

تۇڭگانلار يەركەنگە يېقىنلىشىپ، 5 - ئاينىڭ 11- كۈنى، كۆك رۇباتقا كەلدى. مەھمۇد سىجاڭ ئەتىسى يەركەندىكى پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ۋە يېڭى شەھەردىكى خوتەن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ،

شەھەرنى بوشىتىپ، پوسكامنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەش كەنت دېگەن جايغا ماڭدى. سەھەردە بىزنىڭ كوناشەھەردىكى ئەسكەرلىرىمىزمۇ شەھەردىن چىقىپ، خوتەنگە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن شەھىرى تامامەن بوشالدى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى تۇڭگانلار يەركەننى ئىشغال قىلدى.

مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى تارىختا بىرمىللىي ئىنقىلابچى ئۈچۈن يامان بىرئەيىپتۇر. لېكىن بۇ ئەيىپ مەھمۇد سىجاڭغا يۈكلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ زات خوجىنىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھەر بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەھمۇد سىجاڭ ئۆزئىختىيارى بىلەن قىلغان ئىشلار بولماستىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەتئىي بۇيرۇقى بىلەن قىلغانلىقى مەلۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تارىخىي ئەيىپ پۈتۈنلەي خوجىنىياز ھاجىغا يۈكلىنىشى كېرەك.

خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد سىجاڭلار بەشكەنتتىن مەكىتكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بىرگە ئېلىپ ماڭغان خوتەن ئەسكەرلىرى يولدا ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ، خوتەنگە كەتكىلى باشلىدى. خوجىنىياز ھاجىلار مەكىتكە بارغاندا تۇڭگانلار ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلىكتىن، دەرھال ئاقسۇغا ماڭدى. ئاقسۇغا يېقىن «شاقۇر» دېگەن جايغا كەلگەندە تۇڭگانلار يېتىشىپ كېلىپ، كېچىسى تۇيۇقسىز باسقۇن قىلدى. ئۇلار ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، پاراكەندە ھالدا قېچىپ، ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىگە بېرىپ توختىدى. ئۇندىن كېيىن، ئاقسۇغا كىرىپ، روس قوماندانى بېكتېف بىلەن كۆرۈشۈپ، قولىدىكى سابىت داموللا ھاجىم ۋە زىرىپ قارى ھاجىم (قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە نازىرى، يەركەندە ئەسىرگە ئالغان) نى ئۇنىڭغا سوغا قىلدى. بېكتېف، خوجىنىياز ھاجىنى كۆرۈنۈشتە ياخشى قارشى ئالغان بولدى.

يەركەندىن يولغا چىققان ئەسكەرلىرىمىزنىڭ گۇمىغا يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، مەن گۇمىدا تۇرۇپ قالدىم. كەلگەن ئەسكەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن خوتەنگە يولغا سالدىم. ئاخىرىدا. بىرقىسىم ئەسكەرنى گۇمىدا قويۇپ، مۇھەررەمنىڭ 14ـ كۈنى خوتەنگە قايتتىم. گۇمىدىكى ۋاقتىمدا يەركەندىكى تۇڭگانلارغا كۆرۈنۈشتە كېلىشىم تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ھەقىقىي نىيىتىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتى بىلەن بىر ھەيئەت ئەۋەتتىم. نەتىجىدە، تۇڭگانلارنىڭ خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرھال خوتەنگە خەت يېزىپ، ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، قەشقەرگە ئەۋەتىشىنى ئىلتىماس قىلدىم. مەن زەڭگۈي ئەتىگە كەلگىنىمدە، ئىچكى ئىشلار نازىرى داموللا ئابدۇجېلىل ھاجىم ۋە خوتەننىڭ قازىسى باشلىق ھەيئەتلەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنى قەشقەرگە ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىغا ماڭغۇزىۋېتىپ، 5 ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى خوتەنگە كەلدىم. خوتەن خەلقى، مۇجاھىدلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر مۇسىبەتلەرسەۋەبىدىن ماتەمدە ئىكەن. مەن بارلىق خەلق ۋە ئەسكەرلەرنى خوتەننىڭ راۋاق مەيدانىغا توپلاپ، ئۇلارغا سۆز قىلدىم. قەشقەر ۋە

يېگىسار دىكى پاجىئەلەردە ئىككى ئىنىم باشلىق ۋەتەن ئۈچۈن شېھىت بولغانلارنىڭ شاھادىتىنى ئېلان قىلدىم. خەلقنى بۇ مۇسىبەتلەرگە ھازا تۇتماسلىقنى، ھېچ قانداق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەسلىكنى سۆزلىدىم. ئالدىمىزدىكى خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەييارلىنىشىمىز كېرەكلىكنى بىلدۈرۈپ، سەپەرۋەرلىككە چاقىردىم. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئەسكەرلىرىمىزنى يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىشقا، مۇمكىنقەدەر قورال ۋە ئوق ـ دورا تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتۇق ۋە تارىبۇغازدا ئىستىھكام ياسىدۇق. بىز بۇئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقىتتا مەھمۇد سىجاڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىلار بىزگە ئايرىم ـ ئايرىم خەت يېزىپ، يەركەندىكى قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن تارىخ ئالدىدا زىممىسىگە يۈكلىنىدىغان ئەيىبنى يۇشۇرۇش ئۈچۈن، يەركەن مەغلۇبىيىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بىزگە ئارتىپ، يەنە، بىزنى ئۇلارنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈشكە يەنى، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغانىدى. بىز بۇ مەنىسىزخەتلەرگە جاۋاپ يېزىشنى لازىم كۆرمىدۇق.

20 ـ پەسىل

## خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ يىقىلغانلىقى

ماجۇڭيىڭغا ئەۋەتكەن ھەيئىتىمىزنىڭ باشلىقى ئىچكى ئىشلار نازىرىمىز گۇمىغا بېرىپلا ئىستىپا بېرىپ، شۇيەردە قالدى. ئەمما، قازى باشلىق باشقا ھەيئەت ئەزالىرى قەشقەرگە باردى. ھەيئەتنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن خېتىدىن بىزنىڭ كېلىشىم تەكلىپىمىزنىڭ ماجۇڭيىڭنىڭ پىلانىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. ماجۇڭيىڭنىڭ پىلانى، دۈشمەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان ھامان خوتەنگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن چارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا كېتىش ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى ئۇرۇشسۇن ياكى سۈلھى قىلسۇن خوتەننى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن گەنسۇغا ئۆتۈپ كېتىشتىن باشقا يولنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز بۇ تۇڭگانلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ زالىم ۋە ئىنتايىن ۋەھشى بىر قوراللىق بۇلاڭچىلار گورۇھى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇڭگانلارنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلىشىنى ئەڭ يامان دۈشمەننىڭ ئىشغالى بىلەن تەڭ دەپ قارىدۇق. بىز كۈچىمىز يەتكەن ئاخىرقى مىنۇتقىچە تىركىشىپ، يۇرتىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى قاراپ تۇرۇپ، تۇڭگانلارنىڭ بولاڭ ـ تالىڭىغا تۇتۇپ بەرمەسلىككە قارار قىلدۇق. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، زاۋاغا ئەسكەر توپلاپ مۇداپىئەگە تەييارلاندۇق.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ماجۇڭيىڭ، مارۇلۇڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئەڭ يېڭى مىلتىق ۋە پىلىمۇتلار بىلەن قوراللانغان بىرئاتلىق قىسىمنى گۇمىغا يوللىدى. گۇمىدىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىمىز زاۋاغا قايتىپ كەلدى. مارۇلۇڭ 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پىيالمىغا كەلدى. دۈشمەن بىلەن ئارىمىزدا 35 كىلومېتىرلىك بىرچۆل قالغانىدى. مارۇلۇڭ، تارىبۇغازدىكى قۇۋۋىتىمىز ۋە ئىستىھكاملىرىمىزدىن

قورقۇپ، ئىگىرلىيەلمەي پىيالمىدا توختاپ، قەشقەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بىز ئەسكەرلىرىمىزنى قۇم رۇبات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئالدىنقى سەپتىن ئىلگىرلىمەي تۇرۇپ، تۇڭگانلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ئۇزۇن چۆلدىن چارچاپ كەلگەن دۈشمەننى ئارىغا ئېلىپ، يان ۋە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدۇق. ئامىل خان ھاجىمنى ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىمىزنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدۇق. مەن 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بەزى موھىم ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە كەلدىم.

زاۋادىكى قوماندانلىرىمىز، تۇڭگانلارغا قەشقەردىن ياردەم كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز بىر كېچىچە باسقۇنى قىلىشنى قارار قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، كېچىسى پىيالمىغا يۈرگەن. لېكىن، چۆلدىكى كېچىچە قاراڭغۇلۇقىدا ئەسكەرلەر يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىكتىن ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە تاڭ يورۇپ قالغانلىقتىن ئەسكەرلەر ئارقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان. ئەسكەرلەر قۇم رۇباتقا ناھايىتى ھارغىن ھالدا كەلگەنلىكتىن قوماندانلار ئالدىنقى سەپتە ئازراق ئەسكەر قويۇپ، قالغانلارنى تاماق يېيىش ۋە ئىستىراھەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغانىكەن. ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كېچىدە ئېزىقىپ يۈرۈپ ئوتتۇرا يولدىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان مارۇلۇڭ، سەھەر ۋاقتى بىلەن كۆك رۇباتقا ھۇجۇم قىلدۇ. ئىستىراھەت قىلىۋاتقان ئەسكەرلىرىمىز يەرلىرىگە كېلىپ بولغىچە تۇڭگانلار تار بۇغازغىچە بېسىپ كەلگەن. دەرھال ئەسكەرلىرىمىز يېتىشىپ كېلىپ، شىددەتلىك ئۇرۇش باشلانغان ۋە تۇڭگانلارنى ئارقىغا چېكىندۈرگەن. تۆرت سائەت داۋام قىلغان جەڭدە تۇڭگانلار ئىلگىرلىيەلمىگەن. كەچقۇرۇن تۇڭگانلار ئالدىنقى سەپنىڭ شىمالىدىن ئوڭ تەرىپىنى قورشاۋېلىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىپ، پىلىمۇتلاردىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ بېسىپ كېلىشكە باشلىغان. نەتىجىدە، ئەسكەرلىرىمىز چېكىنىشكە باشلىغان. ئەسكەرلىرىمىز زاۋاغا كېلىپ، سەپنى تۈزگەن بولسىمۇ پىيادە قىسىمدىكىلەر بەك پاراكەندە بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنى سەپكە يىغىش مۇمكىن بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ ئەڭ موستەھكەم ئەسكىرىي بازىسى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

كەچ سائەت بەشتە قاچقان ئەسكەر ۋە قوماندانلىرىمىز شەھەرگە كەلگىلى باشلىدى. تۆرت سائەتكىچە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ توپلىنىشىنى كۈتتۈم. ئەمما، شەھەرگە ئاران 10%گە يېقىن ئەسكىرىمىز يىغىلغانىدى. قالغان 90% كىشىدىن خەۋەر يوقتى. شۇنىڭ بىلەن شەھەردە مۇھاسىرىدە قېلىپ تۇرۇپ، مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمىدى.

ئاخىرى مەن، زاۋا ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىمىزدىن توپلىيالىغىنىمنى توپلاپ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش، ئەگەر، بۇ بولمىغاندا تاغ تەرەپكە كېتىپ، ئۇيەردە كۈچ توپلاپ، دۈشمەنگە قايتارما ھۇجۇم قىلىش پىلانى بىلەن سەھەر ۋاقتىدا يۈزدەك كىشى بىلەن يولغا چىقتىم. لېكىن، چېچىلىپ كەتكەن قىسمنى دەرھال يىغىۋېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چاغلاپ، زاۋاغا

بارماي تاغ تەرەپكە ماڭدىم. تاغقا يېتىپ بارماستىن 300 دەك ئاتلىق ئەسكەر توپلاندى. ئەتىسى تاغدىكى لاگرۇكەنتكە بېرىپ توختىدۇق. بۇ يەردە ئەسكىرىمىز 500 ئاتلىق كىشىگە يەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى لاگرۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى پوپۇنا دېگەن كەنتكە يۆتكەلدۇق. ئۇ جاينىڭ مۇستەھكەم تەبئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇجايىنى مەركەز قىلىپ كۈچ توپلاشقا قارار قىلدۇق. مەن 200 ئاتلىق بىلەن پوپوناغا يۈرۈدۈم. قالغان 300 ئاتلىق ئەسكەر كېچىسى شەھەرگە يېقىنراق جايدا مانېۋىر ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە تارتىپ، تاغدىكى مەركىزىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى پىلانلاپ، لاگرۇدا قالدى. ئۇلار كېچىسى شەھەر ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىپ لاگرۇغا قايتىپ كەلگەن. بىر كېچە ئۇيقۇسۇز قالغانلىقى ئۈچۈن، كېلىپلا دەم ئېلىشقان. دۈشمەن جاسۇسلىرى ئارقىلىق بۇ پىلانىمىزنى بىلىپ قېلىپ، سەھەردە لاگرۇغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، قاراۋۇللىرىمىز ۋاقتىدا خەۋەر قىلغانلىقتىن، ئۇلار پوپۇنا ئىستىپھكامىغا كېلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توساپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. لېكىن، تۇڭگانلار ئېگىزلىكلەرنى بۇرۇن ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن، ئەسكەرلىرىمىز يۇقىرىغا چىقالماي تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا تۇڭگانلار بۇلارنى ئارقىسىدىن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ئۈچ سائەت داۋام قىلغان ئۇرۇش، ئاخىرى بىزنىڭ زىيىنىمىز بىلەن ئاخىرلاشتى. چۈنكى، دۈشمەن چېكىنىش يولىمىزنى كىسىپ تاشلايدۇ. ئەسكەرلىرىمىز قورشاۋدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن دەرياغا ئات سالىدۇ. بەزىلىرى تاغ يوللىرى بىلەن يۈرۈپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ(23 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

بۇ ئۇرۇشتا، قىممەتلىك قوماندانلىرىمىزدىن تۇرسۇن باقى خان ۋە ئىسمائىل داموللام ۋە مېنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىمدىن تۆرت كىشى بولۇپ، 200 دەك ئەسكىرىمىز شېھىت بولدى. نەتىجىدە، پوپۇنا دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشتى ۋە بىزنىڭ مۇداپىئە كۈچىمىز پۈتۈنلەي ئاجىزلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز پوپۇنا دەرياسىدىن كېچىپ، 42 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن، كېچىسى دوئا كەنتىگە كەلدۇق. ئۇيەردىمۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ، ئۇزۇن تۇرالماي ماڭدۇق. كېچىسى يول مېڭىپ، 5 ـ كۈنى سانجۇ داۋانىنىڭ ئېتىكىدە ھىندىستانغا بارىدىغان يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ توختىدۇق.

بۇچاغدا يېنىمدا ئەللىك كىشى قالغانىدى. بۇلاردىن بىرقىسمى رۇخسەت سوراپ، يۇرتىغا كېتىپ ئوتتۇز كىشى قالدى. بۇيەردە ئون كۈندەك تۇرغاندىن كېيىن، مەن يەنە ئۈمىدسىزلەنمەي، يۇرتقا يېقىن بېرىپ، ئۆزۈم بىركۈنلۈك ئۇزاقتا قېلىپ، قوماندان ۋە ئەسكەرلەرنى سانجۇغا ئەۋەتتىم. بۇنىڭدىن مەقسىدىم، سانجۇدا تەرەپتارلىرىمىزنى توپلاشقا مۇمكىن بولسا توپلاش ۋە يېڭىدىن كۈرەشكە ئاتلىنىش ئىدى. لېكىن، سانجۇدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالماي تاغ يولى بىلەن خوتەن تەرەپكە كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەمدى يېنىمدا 12 كىشىلا قالغانىدى. بۇ ئارىدا تۇڭگانلارنىڭ مەن تۇرغان تەرەپكە يۈرۈش قىلغانلىقى لېكىن، دەريادا سۇ ئۇلوغ بولغانلىقتىن ئۆتەلمەي قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، سانجۇ داۋىنىدىن

ئۆتۈپ ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سۆگەت قورۇلغا كەلدىم. بۇ يەردە ئالتى كۈن تۇردۇم. ھەرجەھەتتىن ئۈمىدسىز قالغاننى ئاز دەپ، دۈشمەننىڭ تەھدىت خەتلىرى كەلگىلى باشلىدى ۋە دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىمۇ ئارتتى. ئوزۇقىمىز ۋە ئاتلىرىمىزنىڭ يەم - خەشكى تۈگەپ قالاي دېگەندى. مانا بۇ سۈرەتتە مەجبۇرى ھالدا، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرالىرىدا ھىندىستانغا قاراپ كەتتۇق.

تۇڭگانلار زاۋانى ئالغاندىن كېيىن، سەھەردە قاراقاشنى ئىشغال قىلدى. خوتەن ھۆكۈمدارى مىلىك شەھەر كاتتىلىرىنى يىغىپ، ھېچ بىر مۇداپىئە كۈچى قالمىغانلىقتىن تۇڭگانلارغا تەسلىم بولۇشقا قارار قىلغانلىقىنى مارۇلۇڭغا مەلۇم قىلدى. 6 - ئاينىڭ 12- كۈنى، مارۇلۇڭ ئېلچىگە كېلىپ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. تۇڭگانلار خەلقنى ئالداپ، مىلىكنى خوتەنگە دوتەي (ۋالىي) قىلدى. ئەمما، بۇ ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغان قۇرۇق بىر ئۇنۋاندىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ئىنقىلابى يىقىلدى.

21 - پەسىل

## ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرى

خوجىنىيازھاجى ئۆزىنى بېكتىفكە تەسلىم قىلغاندىن كېيىن،شېڭ شىسەي ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىردى ۋە «فۇجۇشى» لىق مەنسىپىنى بېرىپ، قوراللىق مىللىي ئىنقىلابچىلارنى يوقىتىپ تۈگەتكىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە ھۆكۈمەتكە ۋاقىتلىق شېرىك قىلدى. ھۆكۈمەت يارلىقلىرىغا ۋە قەغەز پۇلغا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ يازدى. مەھمۇد سىجاڭ، 4000 غا يېقىن يەرلىك ئەسكەرلەرگە قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولۇپ، ئاقسۇدا قالدى. 1934 - يىلى، 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روس ۋە چىنلىقلاردىن تەركىپ تاپقانشېڭ شىسەينىڭ ئاقسۇدىكى ئەسكەرلىرى قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. تۇمشۇق تاغدا تۇڭگانلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇش بولدى. دۈشمەن توپ ئېتىپ ۋە ئايرۇپىلاندىن بومبا تاشلاپ، تۇڭگانلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. نەتىجىدە، تۇڭگانلار مارالبېشىغا چېكىندى.شېڭ شىسەينىڭ ئايروپىلانلىرى بۇ يەرنىمۇ بومباردىمان قىلدى. تۇڭگانلار پاراكەندە بولۇپ قەشقەرگە قاچتى ۋە بىر قىسمى يەركەنگە كەلدى.

بۇمەغلۇبىيەتتىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ماجۇڭيىڭ،گەنسۇغا كېتىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن فەرغانىغا قېچىپ بېرىپ روسلاردىن پانالىق تىلىدى. باشقا تۇڭگانلار ئۇنىڭ توغقىنى بولغان ماخوسەننىڭ باشچىلىقىدا قەشقەردىكى بىگۇنا مۇسۇلمانلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋەتتى ۋە قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ۋەھشىلىكلەرنى قىلىپ، خوتەنگە قاچتى. بۇلارخوتەنگە كېلىپلاچارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا كېتىشكە ھازىرلاندى ۋە بىرقىسمى ماڭدى.

بۇچاغدا، شېڭ شىسەي قەشقەردىكى ئەسكەرلىرىنى قىسقارتتى ۋە ئۇلارنى يەركەندە توختاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭشېڭ شىسەيگە قىلغان بۇ ئاشكارە ئەسكىرىي ياردىمىگە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەرلىرىنى قەشقەرگە كىرگۈزمەستىن قايتۇرۇپ كەتكەن. گەرچە ،شېڭ شىسەي قەشقەردە بىرقىسىم چىنلىق ئەسكەرلىرىنى قالدۇرغان بولسىمۇ قەشقەرنى ساقلاش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەستى. بۇ سەۋەپتىنشېڭ شىسەي، مەھمۇد سىجاڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۈرك ئەسكەرلىرىنى قەشقەر ۋە يەركەندە تۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا «سىجاڭ» لىق مەنسىپىنى بەردى.

يۇقىرىقى سەۋەپتىنشېڭ شىسەينىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ماخوسەنمۇ گەنسۇغا كەتمەي خوتەندە قالدى ۋە ھەتتا يەركەندىن تارتىپ چەرچەنگىچە ۋە بەلكى چارقىلىققىچە بولغان يەرلەرنى ئىگەللەپ تۇردى.شېڭ شىسەينىڭ ئالتاي ھۆكۈمدارى شېرىپخان ۋە قۇمۇل ھۆكۈمدارى يولۋاس بەگلەرگە ھازىرچە قورallıق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن، ئۇلار بىلەن سىياسى جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلارمۇشېڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچى بولمىغانلىقتىن ئېغىزدا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغانلىقلىرىنى ئېلان قىلدى.

لېكىن،شېڭ شىسەي، ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ، مەھمۇدسىجاڭ، يولۋاس بەگ ۋە شېرىپخانلارنىڭ مىللىي قۇۋۋەتلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش بىلەن ئۇلارنى يوقىتىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پۈتۈن مىللىي كۈچلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش پىلانىنى قۇرۇپ، پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. شېڭ شىسەينىڭ مەھمۇد سىجاڭ ئۈچۈن قۇرغان ھىيلە ـ مىكرلىرىدىن بىرئازسۆزلەپ ئۆتىمەن:

شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن مەھمۇد سىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىرىي مەنسەپدارلارنى بىردىن ـ ئىككىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىردى. ئۇلارغا كۆپ مىقداردا پۇل ۋە يۇقىرى مەنسەپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، مەھمۇد سىجاڭغا دۈشمەن قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋىجدانسىزلاردىن بىرقىسمى ئۈرۈمچىدىن كېلىپلا مەھمۇد سىجاڭغا سۇيىقەست پىلانلاپ، دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، بەزى ۋەتەنپەرۋەر ھېسسىياتى باركىشىلەرشېڭ شىسەيگە ئالدانماي مەھمۇد سىجاڭغا سادىق قالدى. بۇلاردىن باشقاشېڭ شىسەينىڭ يەنە مەھمۇد سىجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ھىيلىگەرلىك قىلمىشلىرى كۆپ.

مەھمۇد سىجاڭ ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىش ئالدىدىكى ئۈچ يىلغا يېقىن بىر زاماندا ئۆز ئۆرنىنى ساقلاپ قالدى ۋە مۇمكىن قەدەر نوپۇزىنى ئىشلىتىپ، قەشقەردە مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە كوممۇنىستىك تەشۋىقاتنىڭ راۋاج تاپماسلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەشكە لايىق تارىخىي ئىشلارنى قىلدى.

شېڭ شىسەينىڭ يولۋاس بەگ ۋە شېرىپخانلارنىڭ ئۈچۈن تۈزگەن ھىيلە ـ مىكىر ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەستلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىلمەيمىز. ئەمما، مەھمۇد سىجاڭغا قىلغاندىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىگەللەپ تۇرغان جوغراپىيىلىك ئورنىمۇ بۇنى تەستىقلەشكە كۇپايە قىلىدۇ.

ماخوسەن، شېڭشىسەي بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ،شېڭ شىسەي ئۇنىڭغىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، بىرلىشىشكە تەكلىپ قىلغان. دەسلەپتە ماخوسەن بۇ تەكلىپنى رەت قىلغانىدى. لېكىن، كېيىنچە، روسلارغا سىغىنغان ماجۇڭيىڭ روسلارنىڭ قىستىشى بىلەن ماخوسەنگە خەت يېزىپ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ماجۇڭيىڭ بۇ ۋاستە بىلەن روسلارنىڭ قولىدىن قوتۇلۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلغان بولسا كېرەك. ئاخىرى، ماخوسەن 1936 ـ يىلى 5 ـ يا 6 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە بويسۇندىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭشىسەي، ماخوسەننى 36 ـ دىۋىزىيەنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، «سىجاڭ» ئۇنۋانى بىلەن خوتەننىڭ ھۆكۈمدارى دەپ تونۇدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شېڭشىسەي خوتەنگە بىرچىنلىق كوممۇنىستنى دوتەي قىلىپ ئەۋەتتى. ماخۇسەن، ماجۇڭيىڭنىڭ تەلىپى ئۈچۈن، بۇنىمۇ قوبۇل قىلىپ، مىلىك مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى دوتەيلىكتىن ئېلىۋېتىپ، مەزكۇر چىنلىقنى دوتەي قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا روس بولشۇۋىك ھۆكۈمىتىنى تەقلىد قىلىپ، باشقا ۋىلايەتلەردە ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى خوتەندىمۇ ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، گ. پ. ئۇ (چىنچە بولەنجۈي) يەنى خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئىدارىسىنى قۇرۇپ، جاللاتلىق پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. خەلقنىڭ بېشىدىكى تۈگىگان زۇلمىنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇخىل زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقلار ياغدى. تىجارەت يوتۇنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولۇپ، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن بولغان تىجارەت مەنئى قىلىندى.

ماخوسەن، ئون ئايغىچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ ماجۇڭيىڭنى روسلارنىڭ قولىدىن قوتقۇزالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماخوسەن ئاستا ـ ئاستا شېڭشىسەيگە قىلغان يوقىرىقىدەك خوشامەتچىلىكلىرىنى تاشلاپ، دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى.

بۇئارىدا خوجىنىياز ھاجى ۋە شېڭشىسەي، مەھمۇد سىجاڭنى ھەدەپ ئۈرۈمچىگە كەل دەپ قىستاشقا باشلىدى. مەھمۇد سىجاڭ، بۇ چاقىرىشلارنىڭ ئۇنىڭ جېنىغا سۈيىقەست ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى ۋە ھەرقېتىمدا بىر باھانە كۆرسىتىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىشنى كەينىگە تارتىپ تۇردى. 1937 ـ يىلى ئەرتىيازدىن باشلاپ، قەشقەردە مەھمۇد سىجاڭ ھەرخىل بېسىمغا ئۇچرىغىلى باشلىدى. بۇ ۋەزىيەتتە مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئالدىدا شۇ ئىككى يول قالغانىدى. بىرى، ماخوسەن بىلەن بىرلىشىش ئىككىنچىسى چەت ئەلگە ھىجرەت قىلىش.

مەھمۇد سىجاڭنىڭ ماخوسەن بىلەن بىرلىشىپ، شېڭشىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ئۇڭاي ئىدى.

ئىككىسى بىرلىشىپ، شېڭشىسەينى مەغلۇب قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن،شېڭ شىسەينىڭ ئارقا تىرىكى بولغان كۈچلۈك دۆلەتنىڭ، شېڭشىسەيگە قولىدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئايىمايدىغانلىقىنى مەھمۇد سىجاڭ ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماخوسەن بىلەن بىرلىشىشنىڭ، يۇرتقا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى جەزمەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇد سىجاڭ ماخوسەن بىلەن بىرلىشىش يولىنى تاللىمىدى. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قەشقەر ۋە يەكەندىكى ئەسكەرلىرىگە ئەشەنچىلىك كىشىلىرىنى تەيىن قىلىپ قويۇپ، دۈشمەنگە تۇيغۇزماستىن، ئۆزى ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن يەركەن ـ كۆكيار يولى بىلەن ھىندىستانغا قاراپ ماڭدى.

مەھمۇد سىجاڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوماندانلىرىدىن ئابدۇنىياز بەگ، ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شېڭشىسەيگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، يەركەننى قولغا ئالدى. ئۇندىن كېيىن، قەشقەركونا شەھەرنى ئېلىپ، دۈشمەننى يېڭى شەھەرگە مۇھاسىرە قىلدى. يېتىپ كېلىۋاتقان كوممۇنىست خەتىرىنى ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئۆزكۆزى بىللەن كۆرگەن خەلق بۇ ئۇرۇشقا ناھايىتى قىزغىنلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن قاتناشتى. ماخۇسەن ئابدۇنىياز بەگنى تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن مارالبېشىغا يوللاپ، ئۆزى تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى.

ماخوسەن قاتتىق تۇرۇپ، شىددەت بىلەن مۇھاسىرە قىلغان بولسا يېڭى شەھەرنى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، قەشقەرگە ۋالىي ۋە قوماندان بولغان چىنلىق ئۇرۇمچىگە قېچىپ كەتكەنىدى. يېڭى شەھەردىكى كۈچىمۇ ئاز ئىدى. لېكىن، ئاچكۆز تۇڭگان قوماندانلىرى دۈشمەندىن كۆپ مىقداردا پارا ئېلىپ، ماخوسەننىڭ يېڭى شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىگە ھەرخىل باھانىلارنى ئۇيدۇرۇپ چىقىپ، توسقۇنلۇق قىلدى. ئەمما، ئابدۇنىياز بەگ بولسا، بارغانلا جايدا دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، ئاقسۇ ۋە كۇچانى قولغا ئالدى ۋە قارا شەھەرگە يېتىپ كەلدى.

قەشقەر يېڭى شەھەردە ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقانلىقى، شېڭشىسەينىڭ ئارقا تىرىكى بولغان دۈشمەنگە دەلىل بولۇپ بەردى. ئۇلار« بىزگە چىن ھۆكۈمىتىدىن رۇخسەت كەلدى. قەشقەرنىڭ تېچلىقىنى قوغداشقا ياردەم بېرىمىز» دەپ، 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، قاراقول تەرىپىدىن بىدىل داۋىنى ئارقىلىق روس، قازاق ۋە قىرغىزدىن تەركىپ تاپقان 5000 كىشىلىك قوشۇن شەرقىي تۈركىستانغا كىردى. ئۇلار ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇغا كىرمەستىن يامانسۇغا كېلىپ، باشقا بىر يولدىن مارالبېشىغا كەلدى. ئۇندىن باشقا يەنە ئارتېبېشى يولىدىن 200 ماشىنا بىلەن روس ئەسكەرلىرى ئاتۇشقا كىردى. نەتىجىدە، ماخوسەن بىلەن ئابدۇنىياز بەگنىڭ ئارىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. روس ئايروپىلانلىرى قەشقەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ، بەزى يەرلەرگە تەشۋىق ۋەرەقىسى بەزى يەرلەرگە بومبا تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن ماخوسەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ، يېڭىسارغا كەلدى. ئايروپىلان

يېڭىسارنىمۇ بومباردىمان قىلىپ، خەلق ۋە تۇڭگانلاردىن بىرقانچىسىنى ئۆلتۈردى. ماخوسەن ئۇيەردىن قېچىپ، يەركەنگىمۇ بارالماي تاغ يولى بىلەن ھىندىستانغا قاچتى. ماخوسەن 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لاداخقا كەلدى ۋە 3 ـ 4 كۈن كېيىن، مىلىك مەھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنمۇ لاداخقا كەلدى.

ئابدۇنىياز بەگ كۆچا ئەتراپىدا دۈشمەنگە قارشى شىددەتلىك ئۇرۇشتىن قىلدى. ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى ۋە ئەسكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى. بۇمىللىي قەھرىماننىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە بۇگۈنگىچە ھېچ بىر خەۋەرچىقمىدى. ماخوسەنگە ئەگىشىپ، ھىندىستانغا قاچقانلاردىن باشقا تۇڭگانلارخوتەنگە قاچتى. 1937 ـ يىلى، شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، تۇڭگانلارنى ئۇچرىغان يەردە ھاۋادىن بومبا تاشلاپ، يەردىن پىيادە قىسىملىرى قوغلاپ يۈرۈپ، پاچىئەلىك شەكىلدە قىرغىن قىلدى. ئېشىپ قالغان ئاز بىرقىسمى چارقىلىق يولى بىلەن گەنسۇغا قاچتى. ئۇلارمۇ پايانسىز چۆلدە سۇسىزلىقتىن ئۆلدى. بەلكى يۈزدىن بىرسى گەنسۇغا بارالىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پۈتۈن ئالتى شەھەر شېڭ شىسەينىڭ ئىستىلاسى ئاستىدا قالدى.

ئابدۇنىياز بەگ بىلەن ماخوسەن بىرلىشىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغالغان كۈنلەردە، شېڭ ـ شىسەي ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى (فوجۇشى) خوجىنىيازھاجى ، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن مىللىي كۈچلەرنى يوقىتىشنى قارار قىلىپ، ئالتايدىكى شېرىپ خان ۋە قۇمۇلدىكى يولۋاس بەگلەرنى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مەغلۇپ قىلىپ، ئالتاي ۋە قۇمۇلنى ئىشغال قىلدى. ئەپسۇسكى، بۇجەرياندىكى ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق.

يولۋاس بەگ 5 ـ ئايدا بىرقىسىم ئادەملىرىنى ئېلىپ، قومۇلنىڭ شەرقىدىكى خوتونتام دېگەن جايغا كەلگەن. 6 ـ 7ـ ئايلاردا ئۇيەردىن قېچىپ، چىڭخەيگە بارغان. چىڭخەيدە ئىككى ئاي تۇرۇپ ئۇ يەردىن خاڭكوغا بېرىپ، چىن باشقۇماندانى جياڭكەيشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. يولۋاس بەگ ھازىر جۇڭگوچىڭدا ئىتىبارلىق ھايات كەچۈرمەكتە. شېرىپ خاننىڭ ئاقىۋىتىدىن خەۋىرىم يوق. ئالتايدىكى مىللىي ئىنقىلابچى قازاق رەھبەرلىرىدىن ئىلىسخان، ئادى بەگ ۋە زايىف بەگلەر 645 ئۆيلۈك ئادىمى بىلەن ئالتايدىن قېچىپ، غەربىي موغۇلىستان بىلەن يۈرۈپ،گەنسۇنىڭ يۇرخۇن تېغىدىكى يايلاقلارغا بېرىپ يەرلەشتى.

22 ـ پەسىل

## شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسى ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى قوماندانلىرى ئىچىدە زامانىۋى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن ۋە ئۇرۇش تەجرىبىسى بار كىشىلەر يوقتى.

بۇسەۋەپتىن ئەسكەرلەرنىڭمۇ ئۇرۇش تەلىماتى ياكى تەجرىبىسىدىن خەۋەردار ئەمەسلىكى تەبىئىي ئەھۋال. شۇنداق بولسىمۇ مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەربىي جەھەتتە بىر- بىرىدىن كۆپ پەرقلىرى بار ئىدى. تۆۋەندە بۇ پەرقلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمەن:

خوجىنىيازھاجى ئەسكەرلىرى ئىچىدە مەيلى بۇرۇن بولسۇن مەيلى كېيىنكى مەزگىلدە بولسۇن ھېچ قانداق قانۇن ۋە تەرتىپ - ئىنتىزام يولغا قويىمىغانىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ھەربىي تەلىم ئالغان مۇنتىزىم تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئالدىدا كۆپىنچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

خوجىنىياز ھاجى، قۇمۇل تاغلىرىدىكى ۋاقتىدا چىن ئەسكەرلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا شۆھرەت تاپتى. چۈنكى، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تاغلىق رايۇنىنىڭ ئويمان - چوڭقۇرىنى ياخشى بىلىدىغان ئوۋچىلاردىن تەركىپ تاپقانىدى. دۈشمەن ئۇجايلارنىڭ يەر شارائىتى ۋە باشقا ئەمەلى ئەھۋالىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى. خوجىنىيازھاجى تاغلىق رايونىنىڭ تەبىئىي ئىستىھكاملىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، كەلگەن دۈشمەننى تاغ ۋە ئورمان ئارىسىدىن ئۇشتۇمتۇت ئوقىا تۇتۇپ، تاغ جىلغىلىرىدا ۋە جاڭگال باياۋانلاردا ئېزىقتۇرۇپ يۈرۈپ، غەيرى مۇنتىزىم باسقۇنلار بىلەن مەغلۇپ قىلغانىدى. بۇغەلىبىلەر ئەسكەرلەرنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۈشمەنگە دەھشەت سالغانىدى. مانا بۇ روھ بىلەن تۇرپان ۋە جىمسار ئۇرۇشلىرىدا دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. كېيىنچە، ئەسكەرلەر ئىنىزامسىزلىقى تۈپەيلىدىن، ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن مۇنتىزىم دۈشمەن قوشۇنلىرى ئالدىدا بۆرىنىڭ ئالدىدىكى قويدەك ئاجىز بولۇپ قالدى. ئەمما، خوجىنىيازھاجى بۇ تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئالمىدى ۋە ئەسكەرلەرنى تەرتىپ ئىنتىزام ئاستىغا ئېلىش پىكىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئەگەر، بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى تەرتىپ - ئىنتىزامغا كىرگۈزگەن بولسا ئىدى ئۇلار ھەرقانداق دۈشمەننى مەغلۇپ قىلالىغىدەك ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق بولۇپ، قوللىرىدا زامانىۋى مىلتىق ۋە بىرقانچە پىلىموت بارئىدى. ئوق - دورىلىرىمۇ ئاز ئەمەستى ۋە سان جەھەتتىمۇ دۈشمەنلىرىنىڭكىدىن ئاز ئەمەستى. قارا يۇلغۇن ئۇرۇشىدىن قېچىپ، خوتەنگە كەلگەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرسى بۇ ئەھۋالدىن شىكايەت قىلىپ، ماڭا مۇنداق دېگەن: «بىز قارا يۇلغۇن ئۇرۇشىدا تۇڭگانلار بىلەن 18 قېتىم ئۇرۇشتۇق ۋە ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇپ قاچتۇق. پەقەت، قاراشەھەر ئۇششاقتال ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلدۇق. بۇغالىبىيەتنىڭ سەۋەبى، ئىككى تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەن قورشاۋىدا قېلىپ، بەكرەك غەيرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىز ئىدى».

خوجىنىيازھاجى، ئەسكەرگە، قوماندانلىرىغا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا خادىملىرىغا مۇنتىزىم ئايلىق بەرمەيتتى. پەقەت بەزىدە ئۆلگۈجە بىرمىقدار پۇل بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسكەرلەر خەلقتىن ئېلىپ، ياكى قوراللىرىنى سېتىپ جان باقاتتى. بۇجىنايىتى ئۈچۈن، ئەسكەرلەرجازالانمايتتى. مانا، بۇ

ئەھۋاللار ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئىنتىزامسىزلىقتىن باشقا ئۇلارنىڭ مەنىۋىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن بوزۇلۇشىغا ۋە خەلقنىڭ بۇ ئەسكەرلەردىن يىراقلىششىقا سەۋەپ بولدى.

خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قوماندانلىرىمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭكىگە ئوخشاش ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيە ئالمىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئەمما، خوتەن ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ، ئەسكەرلىرىنى مۇمكىنقەدەر توغرا بىر ھەربىي تەرتىپ - ئىنتىزام ئاستىغا ئېلىش ۋە خەلقنىڭ ئاسايىشىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، ئەسكەر ۋە قوماندانلارنىڭ مۇنتىزىم بىرقانۇنغا رىئايە قىلىشىغا كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنىدى. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە خوتەن ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەڭ ئىنتىزامچان، ئىتائەتكار ۋە قانۇن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ئەسكەرلىرى بولۇپ قالدى. كېيىنچە ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن بەزى كىشىلەرنى تېپىپ، خوتەن ئەسكەرلىرىنى تەربىيەلەشكە مەسئۇل قىلغانىدۇق. بۇنىڭ بىلەن خوتەن قىسىملىرى ئەسكىرىي تۈزۈم جەھەتتىن خېلى تەرەققىي قىلدى. نەتىجىدە، خوتەن ئەسكەرلىرى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئەڭ كۆپ پائالىيەت كۆرستىدىغان قىسىم بولدى. لېكىن، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتىزام تەربىيىسى جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولسىمۇ مۇنداق ئىككى ئېغىر يېتەرسىزلىكى بار ئىدى. 1 - قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى زامانغا لايىق ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق بولۇپ، پەقەت ئۇرۇشلاردا غەيرەت كۆرستىدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. 2 - خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قورال باشقا مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭكىدىن ناچار ئىدى. 12000 كىشىلىك خوتەن قوشۇنىنىڭ قولىدا ئاران 1000 دانە مىلتىق بار ئىدى. ئوق - دورا ۋە باشقا ئەسكىرىي لاۋازىماتلىرىمۇ يوق دېگۇدەك ئاز ئىدى. مۇتلەق كۆپچىلىك ئەسكەر قىلىچ، نەيزە ۋە چوماق بىلەن قوراللانغانىدى. مانا، مۇشۇنداق، زاماننىڭ ئەڭ ناچار قورالى بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەرنىڭ زامانىمىزدىكى «ئىستىھكام ئۇرۇش» ىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىشى تەبىئىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى دائىم ھۇجۇم ۋە باسقۇن شەكلىدە بولاتتى. قارشىسىدىكى دۈشمەن بولسا، ئەڭ يېڭى مىلتىق، پىلوموت ۋە زامانىۋىي توپلار بىلەن قوراللانغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى غالىبىيەتتە بولسۇن ۋەيا مەغلۇبىيەتتە بولسۇن ئۇرۇشتا دۈشمەندىن زىيادە چىقىمغا ئۇچرايتتى. خوتەن ئەسكەرلىرى پىيادە، ئاتلىق ۋە توپچىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىپ تاپقانىدى. بىزنىڭ 20 دانە توپىمىز بار ئىدى. بۇلاردىن ئاران ئىككىسى زامانىۋىي توپ، قالغانلىرى ھارۋاچاقلىرىغا بېكىتىلگەن قەدىمكى زاماننىڭ مىس ۋە چويۇن توپلىرىدىن ئىدى.

قىسقىسى، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ لوپ كۆلى ۋە چىڭخەي چېگرىسىدىن باشلاپ، قەشقەر چېگرىسىغىچە بولغان جايلاردا قولغا كەلتۈرگەن پەتھىلىرى ئۇلارنىڭ ئىنتىزامچانلىقى، ئالغان تەربىيىسى ۋە غەيرىتىنىڭ نەتىجىسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى قورال يېتەرسىزلىكىدىن، قوماندانلىرىنىڭ تەجرىبىسىز ۋە زامانىۋىي ھەربىي ئىلىمدىن خەۋەرسىز بولغانلىقلىرىدىن كېلىپ چىقتى.

تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى، تۇڭگانلاردىن بىر ئاز ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيە ئالغان بولسىمۇ، ئىنتىزامسىزلىقتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. قىرغىز ۋە ئۆزبېك ئەسكەرلىرى دۇنيا ئۇرۇمىي ئۇرۇشىدىن كېيىنكى پەرغانە «باسمىچىلىرى» نىڭ يولىدا بولۇپ، تەرتىپسىز تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋە «ئۇر - قاچ» تا بىر ئاز ئۇستا بولسىمۇ، مەيدان ئۇرۇشى ۋە مۇھاسىرە ئىشلىرىدا كارغا كەلمەيتتى. ئالتايدىكى قازاق ئىنقىلابچىلىرى، ئەسكەرلىرى ۋە قومۇل ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇماتىمىز يوق. ئەمما، ئۇلارنىڭمۇ مەيلى قوماندانلىرى بولسۇن، مەيلى ئەسكەرلىرى بولسۇن، زامانىۋىي ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ، دۈشمەن كۈچىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئەسكىرىي جەھەتتىكى ئەھۋالى مانا، بۇ سۈرەتتە ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولغان چىنلىقلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىندە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان ۋە ئۇرۇش تەجرىبىسى باركىشلەر ئىدى. ئەسكەرلىرىنى قاتتىق ئىنتىزام بىلەن تەربىيىلەيتتى. قوراللىرىمۇ پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابچىلارنىڭكىدىن مۇكەممەل ئىدى.

## ئىچكى سىياسىي ۋەزىيەت

خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد سىجاڭلارنىڭ ئىچكى سىياسىتى ئىنتايىن خاتا ئاساسقا قورۇلغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىنقىلابنىڭ ئەسلى مەقسىتى بولغان خەلقنىڭ ئاسايىشىغا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. مالىيە، مائارىپ ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئەسكەر لاۋازىماتى، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن، دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل چىقىرىپ چىقىم قىلىدىغان ئىش يوقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقتىن ئېلىنغان ئالۋاڭ - سېلىق يولى بىلەن قامدىلاتتى.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىچكى سىياستىدىكى ئەڭ يامان تەرىپى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قانداق ئىمتىياز ۋە خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى، لايىق بولسۇن بولمىسۇن ھەممىسىنى قۇمۇللۇق ۋە تۇرپانلىقلارغا بېرىش بىلەن باشقا ئىنقىلابچىلارنى ئاستا - ئاستا سىقىپ چىقىرىش يولىنى تۇتقانلىقى ئىدى. خوجىنىيازھاجى بۇ سىياستىنى مۇمكىنقەدەر مەخپىي تۇتۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ ئۇنىڭدا داھىلىك سۈپەت بولمىغانلىقتىن بۇسىرىنى دەرھاللا خەلققە بىلدۈرۈپ قويغانىدى. خوجىنىياز ھاجى تەرىپىدىن يۇرتقا تەيىن قىلىنغان ھاكىم ۋە ۋالىلارغا ھېچقانداق خىزمەت نىزامنامىسى ياكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇن يوقتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت، خەلقتىن ئالۋاڭ - سېلىق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يىغىپ، خوجىنىياز ھاجىغا بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ياكى بۇرۇنقى چىنلىق مەنسەپدارلارنىڭ يولى بىلەن ئىش ئېلىپ باراتتى.

خوتەن ھۆكۈمىتى ئىچكى سىياسەتتە خېلى ياخشى ۋە تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان يول تۇتقانىدى.

ھەممىدىن بۇرۇن خەلقىنىڭ ئاسايىشىغا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەسكەر ۋە مەمۇرىي خادىملىرىغا يېتەرلىك مىقداردا مۇنتىزىم ئايلىق بېرىلەتتى. ئەسكىرىي لاۋازىماتنى ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بازار باھاسىدا سېتىپ ئالاتتى. پەقەت ھۆكۈمەت مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، بىر ئىككى قېتىم ئات ـ ئۇلاغنىڭ يەم خەشىكىنى خەلقتىن مۇۋاپىق قانۇن ئاساسىدا يىغىۋالغانىدى. خەزىنە ئىقتىسادى يېتىشمەي قالغاندا يۇرتتىكى بايلاردىن قەرز ئېلىپ، بۇ قەرزنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلىگەنىدى. يۇرتتىكى مالىيە ئىشلىرى ئادالەتلىك بىلەن يۈرگۈزۈلۈپ، مۇمكىن بولغان ھەر شەھەردە بىردىن مەكتەپ ئېچىپ، مائارىپ ئىشلىرىنىمۇ ئوبدان يولغا قويغانىدى. ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئىسلامىي شەرىئەتكە ئۇيغۇن قىلىپ ئېلىپ باردى. ۋالىي ۋە ھاكىملارغا قانۇننامە(قوللانما) تارقىتىپ بېرىلىپ، خىزمەتلىرىدە بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىندى. بۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ھەردائىم ئاشكارە ۋە مەخپىي ھالدا تەكشۈرۈپ توردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا ۋىلايەت خەلقلىرى خوتەنگە تەۋە بولۇش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى. العيازبالله[120] بۇ سۆزلەر، خوتەن ھۆكۈمىتىنى دۇنياغا ياخشى كۆرستىش ئۈچۈن قىلىنغان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى، ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن ئىبارەت تارىخچىلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇر. بۇ ۋەقەلەرنى ۋە شۇچاغدىكى ۋەزىيەتنى بىلىدىغان ۋەتەنداشلار بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە بار. ھەقىقەتنى سۆزلەش ھەر ۋىجدانلىق كىشىنىڭ ئىخىيارىدىكى بىر ئەركىنلىكتۇر.

## تاشقى سىياسى ۋەزىيەت

تاشقى سىياسەت مەسىلىسىدە، مىللىي ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا خېلى چوڭ ئىختىلاپ بارئىدى. چۈنكى، خوجىنىيازھاجى ۋە مەھمۇد سىجاڭلار، ئۆزلىرىنى ھەددىدىن ئۇشۇق دەرىجىدە چىن ھۆكۈمىتىگە تەۋە قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. پۈتۈن ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي مەنسەپتارلىرىنىڭ ئىسمى چىنچە ئىدى. ئۇلارنىڭ بايرىقىمۇ چىن بايرىقى ئىدى. يەر بېجى ۋە تىجارەت بېجى قاتارلىق باجلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى چىن ئۇسۇلىدا ئېلىناتتى. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان چاغدىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرلىرى سۈپىتىدە باشقۇرىدىغانلىقلىرىنى ئېلان قىلماقتا ئىدى. خوجىنىياز ھاجى چەت دۆلەتلەردىن پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنلا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇ دۆلەت تەلەپ قىلغان پۈتۈن ئىمتىيازلارنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن قورال ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. باشقا ئىنقىلابچىلار ئۇنىڭ بۇ سىياسىتىگە قارشى چىققاندا، ئۇ: « بۇ سىياسىتىمىز ۋاقىتلىق بىرسىياسەت. ھازىرچە قورالغا ئېھتىياجىمىز بار. شۇڭا روسلار نېمە دېسە ماقۇل دەپ قوبۇل قىلىمىز. ئىنقىلابىمىزغەلىبە قىلغاندىن كېيىن، روسلارغا بەرگەن ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز» دېگەنگە ئوخشاش مەنتىقسىز دەلىللەرنى كۆرستەتتى.

[120] العيازبالله ـ ئەرەپچە «ئاللاھتىن پانا تىلەيمەن» دېگەن سۆز. ئۇيغۇرچىدا «خۇدا ساقلىسۇن!» مەنىسىدە(ن. ش.ھ.).

خوتەن ھۆكۈمىتى، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، چىن ھۆكۈمىتى بىلەن سىياسى يول ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش تەرەپتارى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي ئىدارە تەشكىلاتىنى تولۇق مىللىيلەشتۈرۈپ، يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىش پىكرىدە چىڭ تورغاندى ۋە مۇمكىن قەدەر بۇ پىكرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. چەت دۆلەتلەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆزتىكىپ تۇرغانلىقى پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولغان بىرھەقىقەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەن ھۆكۈمىتى مەزكۇر دۆلەت بىلەن بۇرۇندىن مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن تىجارىي مۇناسىۋەتنىلا بۇرۇنقى شەكلى بىلەن تۇتقاندىن باشقا يەنە ئىمتىياز بېرىلگەندە، ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا ئىرنىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر پاتۇرۇۋالىدۇ، دېگەن كۆزقاراشتا ئىدى.

ئەنگىلىيە ۋە ئافغانىستان دۆلەتلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە پۈتۈنلەي بىتتەرەپلىك سىياستىنى تۇتقان بولسىمۇ بۇ دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ھېچبىر تاماسى يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى دۆلەت بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت پەيدا قىلىش ۋە كېيىنچە بولسىمۇ بۇلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق دەپ قارايتتى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، بىرمەملىكەتتە قوزغالغان مىللىي ئىنقىلابنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن زورۇر بولغان ئەڭ مۇھىم ئامىل، ئىنقىلاب يولباشچىلىرىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلارنى، ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىنى توغرا بىرئاساس ئۈستىگە بەرپا قىلىشلىرىدىن ئىبارەت.

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ بۇجەھەتتىكى ئەمىلىي ئەھۋالى يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. ھەرقانداق بىركىشى بىتەرەپ ۋە ھەققانى مەيداندا تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنى، ئۇنىڭ يولباشچىلىرىنى ۋە ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى يامان ئاقىبىتىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدىكى باھا، تەھلىل ۋە كۆزقاراشلىرىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەنلەر ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرسا، ئۆزجايىنى تاپقان بولىدۇ.

23 ـ پەسىل

## شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ

## ماھىيىتى

شېڭ شىسەينىڭ ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتى پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم. لېكىن، ئۇنىڭ رەسمى بىرچىن ئەمەلدارى ئىكەنلىكىگە قاراپ ياكى ئۇنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئۇسۇلى ۋە ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەرنىمۇ كۆرۈۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇھەقتە بىرئاز توختىلىپ ئۆتۈشنى لازىم كۆردۈم:

شېڭ شىسەي ھۆكۈمەتنى قولغا ئالغان كۈندىن باشلاپ، ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ئىدارىي ئىشلارنى سوۋېت ئۇسۇلى بويىچە يۈرگۈزگىلى باشلىدى. سوۋېتلار ئۇنىڭ بۇخىزمىتى بەدىلىگە ئۇنىڭغا قورال ـ

ياراغ، ئايروپىلان، ئەسكەر ۋە باشقا مۇھىم ئەسكىري لاۋازىماتلارنى بەردى. شېڭ شىسەي، بۇ ياردەملەر بىلەن شەرقي تۈركستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرىنى بېسىقتۇردى ۋە يۇرتنى بېسىۋالدى. مەمۇريي، ئەسكىريي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى كوممۇنىستىك تۈزۈم بويىچە ئېلىپ بېرىش ۋە بۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقي تۈركستاننى بىر روس مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نۇرغۇن «مەسلىھەتچى» لەرنى ئېلىپ كەلدى. مىڭلارچە روس ئەسكەرلىرىگە چىنچە ئەسكىري كىيىم كىيدۈرۈپ، شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. خەلقنى ھەرخىل تۆھمەت بىلەن قارىلاپ ئۆلتۈردى ۋە تۈرمىگە سالدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنى روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلدى ئىنساننىڭ تەبئىي ھەققى بولغان دىن ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى، تىجارەت ۋە سانائەتدىكى ئەركىنلىكى، ساياھەت ئەركىنلىكى ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ھەقلىرىنى يوقىتىپ، كوممۇنىزمنىڭ ئاسارەت زەنجىرىگە باغلىدى.

پۈتۈن شەرقي تۈركستان خەلقىنى روس بولشېۋىكلىرىنىڭ تۈركستان خەلقىنى بۆلۈپ تاشلىغان تۈرك دۈشمەنلىك سىياستى بويىچە «ئون تۆت مىللەت» كە ئايرىشقا كىرىشتى. بۇ ئۈيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» دېگىنى، كۆچمەن بۇتپەرەست چىنلىقلار ، كۆچمەن مۇسۇلمان چىن( تۇڭگان) لار ۋە روسىيە دىن كەلگەن روس كوچمەنلىرىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن پۈتۈن شەرقي تۈركستاندىكى بىرتۈرك مىللىتى بولغان خەلقلەرگە ھېچ تۇنۇش بولمىغان باشقا 11 نام ئۈيدۇرۇپ، قۇراشتۇرۇپ ياساپ چىققان مىللەتلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۈيدۇرما « ئون تۆت مىللەت» نىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن زورلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىگە ئوخشاش تاتارچە «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دېگەن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن مەقستى، شەرقي تۈركستاندا قەدىمدىن بىرتوغقان ۋە بىرمىللەت بولۇپ، ناھايىتى ئىناق ۋە بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن تۈرك مىللىتىنى باشقا - باشقا يول ۋە مەپكۇرەگە باشلاش بىلەن بىر- بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، بۇلارنى ئاسارەت زەنجىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، روسلار غەربىي تۈركستاندىكى، پۈتۈن شىمالىي ئاسىيادىكى، كاپكازىيەدىكى ۋە شەرقي ياۋروپادىكى تۈركلەرنى بۇ شەكىلدە پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدادۇر.

شېڭشىسەي، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى ۋە توغقانلىرىنى روس جاللاتلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ، جان باققان ۋىجدانسىزلاردىن مىڭلارچىسىنى شەرقي تۈركستانغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە جاسۇسلۇق خىزمىتىگە سالدى. چۈنكى، شەرقي تۈركستاندىن ئۇنداق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار چىقمىدى. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سۈزۈك زېھنىنى كوممۇنىزم بىلەن زەھەرلەش ئۈچۈن، مىڭلارچە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇلارنى مۇئەللىم قىلدى. شېڭشىسەي بۇ ئىشنى «شەرقي تۈركستاننىڭ مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇردۇم» دەپ، يورت ئىچىدە ۋە

چىندەكەك تەشۋىق قىلدى. ئەمما، ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەن كىشى ماتارىپ نەردە، بۇ مەكتەبلەرنەردە، ئوپئۇچۇق كۆرەلەيدۇ. چۈنكى، ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا زامانىۋى پەن - بىلىملەر ئۆچۈن مۇئەللىملەر يوق ۋەكىتابمۇ يوق. پەقەت شېڭ شىسەي ئېلىپ كەلگەن بىرقانچە ۋىجدانسىز تەشۋىقاتچىلارنى مۇئەللىم دەپ مەسۇم باللارنىڭ بېشىغا مۇسەللەت قىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تىجارىتىنى سوۋېتقا باغلىدى. نەتىجىدە يۇرتنىڭ ئىقتىسادى سوۋېتنىڭ قولىغا ئۆتتى.

شېڭشىسەي، ئەينى زاماندا سوۋېت مەمۇرىي خادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى، روس بولشۋېكلىرىنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى جاللاتلىق، يالغانچىلىق ۋە شەيتانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئەيندۇر. شېڭ شىسەي پەقەت ئاغزىدىلا چىن جۇمھۇرىيەتى ھۆكۈمىتىگە تەۋە. دېمەك شەرقىي تۈركىستان خەرىتىدىكى سىزىقلاردىلا چىنگە تەۋە. چىن مەركىزى ھۆكۈمىتىمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئادەتلەنگەن «قۇرۇق ئابرۇيپەرەست» لىكىدىن شېڭ شىسەينى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئون بەش مىليون خەلقنىڭ ھۇقۇقى ۋە تەقدىرى قوربان قىلىنماقتادۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، چىن - ياپون ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، چىن ھۆكۈمىتى سوۋېت - ئىتتىپاقىدىن ئالغان ئۇرۇش لاۋازىماتلىرىنى شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق توشۇشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە شېڭ شىسەيگە تېخىمۇ كۆپ خوشامەت قىلىپ، روسلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىردائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىگە يول قويماقتا. يەنى، « ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا».

## شېڭ شىسەي دېگەن كىم؟

شېڭ شىسەي مانجۇرىيەدە توغۇلۇپ ئۆسكەن بىرچىنلىق. مانجۇرىيەدىكى چىنچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان.كېيىنچە، ياپونىيەدە ھەربىي ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىن، مانجۇرىيە كوممۇنىست پارتىيىسىگە قېتىلغان ۋە مانجۇرىيە ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن بىللە ئىشلىگەن. ياپۇنلار مانجۇرىيەنى ئالغاندا نەنجىڭغا قېچىپ كېلىپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن.

جىن شۇرىن شەرقىي تۈركىستانغا جۇشى بولغاندىن كېيىن، 1928- يىلى، جىن شۇرىننىڭ خۇسۇسى كاتىبى بىلەن تونۇشۇپ قىلىپ، بىرگە ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۈرۈمچىدە ئادەتتىكى بىرئەسكىرىي دەرىجىلىك خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. كېيىنچە، باش مەسلىھەتچى ۋە ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى. شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلغان ئىشلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەمدى تۆۋەندە

ئۇنىڭ سىياسەت ۋە تارىختىكى ئورنى ھەققىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتىمەن.

شېڭ شىسەينىڭ خوجايىنى روسلار ۋە خوشامەتچىسى بولغان بىرقىسىم چىنلىقلار ئۇنى، «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنقىلابنى ئۆزىنىڭ داھىيانە قابىلىيىتى بىلەن بېسىقتۇرۇپ، بۇ يۇرتنى تىنجىتقان؛ ئارقىدا قالغان بۇ يۇرتتا مائارىپ، ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنى تەرەققى قىلدۇرغان» ۋاھاكازا، دەپ، ماختاپ تەشۋىق قىلماقتا ۋە كۆرسەتكەن بۇخىزمەتلىرىگە ئۇنى«شېڭ شىسەي» يەنى چىنچەدە ئالىم، داھىي دېگەن مەندىكى ئۇنۋان بىلەن ئاتىماقتا. ئەمما، تارىخ يالغان گۇۋالىقنى قوبۇل قىلمايدىغان ئەڭ ئادالەتلىك سوراقچىدۇر. ئاخىرى بىركۈن، غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ قارىنى ئاق ۋە كېچىنى كۈندۈز دەيدىغان يالغان تەشەببۇسلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى قارا يۈز قىلىدۇ. شېڭشىسەينىڭ ئۆز ۋەتىنى مانجۇرىيەنى روسلارغا سېتىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان بىر تارىخى خائىنلىقتۇر. شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەندىن تارتىپ، پەقەت ئۆز شەخسى مەنپەئەتىنى دەپ شەرقىي تۈركىستاننى روسلارغا ساتقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتى بولغان چىن ھۆكۈمىتىگە خىيانەت قىلغانلىق جىنايەتلىرى ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. زولۇم ۋە ئىستىبداددىن قۇتۇلۇش، ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس ھەققى بولغان ئازاتلىق نېمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەققانى بىرئىنقىلاپ قوزغاپ چىققان بىرمىللەتنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، پەقەت ئۇمىللەت ئۈستىدە ھۆكۈمران بولۇش مەقسىتى بىلەن، دۇنيادىكى ئەڭ زالىم ۋە قانخور روس بولشۋېكلىرىدىن ياردەم ئېلىپ، بۇ مىللەتنى ۋە ۋەتىنىنى ناھايىتى ئەرزان باھاغا ساتقانلىقى، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يىللىق مەنسەپ ۋە تەختى - بەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ مىللەتنى كوممۇنىست جاللاتلىرىنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرىپ، ئوتقا ۋە قانغا پۇچۇلاۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرىپتىمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش بىرخائىن تارىختا بەك ئاز كۆرۈلىدۇ. شۇڭا تارىخ بۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا جاۋاپ بەرگۇسى. ھېچ بولمىغاندا، تارىخ ئادالىتى يوقىرىقى ناھەق ئۇنۋانىنىڭ بىر ھەرپىنى يەڭگۈشلەپ، «شېڭ شەزىي» يەنى، «دۇنياثوغرىسى شېڭ» دېگەن ئۇنۋانى بېرىدۇ. مانا، بۇ ئۇنىڭغا ئەڭ لايىق بىر تارىخىي نامدۇر.

## شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى تۈگىدىمۇ؟

بۇ سوئالغا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلمىغان ۋە بۇ ئىنقىلاب نەتىجىسىدە ئومۇمىي خەلقنىڭ يۈرىكىگە ئورۇنلاشقان ھىسسىياتتىن خەۋەرسىز ۋە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن كىشى، «تۈگىدى» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇكىشىلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قولىدا قورال يوقلىقىنى ۋە دۈشمەنىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىلا كۆرمەكتە. بۇ سەۋەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەرقانداق ھەرىكەتكە چارىسىزھالدا تەقدىرىگە

بويسۇنۇپ تۇرغانلىقىنى، ئىنقىلاپنىڭ تۈگىگەنلىكى دەپ ھېساپلىماقتا.

ھازىرقى باسقۇچتا دۈشمەننىڭ، يالغان تەشۋىقات ۋە قانلىق تەھدىت بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى زەھەرلىشى، خەلقنىڭ مىللىي قۇدرىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسى ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتقانلىقىنى بۇنىڭغا دەلىل قىلىپ كۆرسىتەلمەكتە.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز تاغلىرى بىلەن ۋە ئەڭ يامان چۆللىرى بىلەن ئورالغانلىقى ۋە ھېچبىر تەرىپى دېڭىزغا يېقىن ئەمەسلىكى، قۇرۇغۇلۇقتىمۇ مەدەنىي مەملىكەتلەردىن بەك يىراقتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇجوغراپىيىلىك تەلەيسىزلىكى ۋە كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ئاچكۆز ۋە تاماخور ئاغزىغا بەك يېقىن بولغانلىقى يۇقىرىقى كۆزقاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

لېكىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلغان، خەلقنىڭ ئىنقىلاپ دەۋرىدىن بېرى كۈچلىنىپ كېلىۋاتقان مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، ھازىر دۈشمەننىڭ قانلىق زۇلۇمى ۋە قانلىق باستۇرۇشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۈچەيگەن غەزەپ ۋە نەپرەت ھېسسىياتىنى تارىخ ۋە سىياسەت نۇقتىئىنەزەرىدىن ئويلىغان كىشىلەر، بۇسۇئالغا جىددىيلىك بىلەن، «ھەرگىز تۈگىمىدى ۋە ھەرگىز تۈگىمەيدۇ!» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىشتە ئىنتايىن ھەقلىق. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، يىگىرمە يىلدىن بېرى دۇنيادىكى ئەركىن مىللەتلەرنىڭ ئەزىزلىكىنى، ھەرخىل ھەققە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مائارىپ، تىجارەت، دېھقانچىلىق، سانائەت، ئەسكىرىي ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ مىللەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ كەلمەكتە.

ئاسارەت ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خارلانغان، ھەرقانداق ھەق ـ ھوقۇقتىن مەھرۇم، ھەرخىل زۇلۇم ۋە قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا ئېزىلىۋاتقانلىقى ، ھەر ئىشتا دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقى، مائارىپ، ئىقتىسات ئىشلىرى ۋە تەبىئىي بايلىقىنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىكەنلىكى ۋە خەلقنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاشكارا كۆرۈپ يەتمەكتە. شۇنداقلا دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئەقەللى ھەقلىرىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن، باشقا قانخور زالىملار ئالدىدا ھايۋان پادىلىرىغا ئوخشاش ياشاشتىن قۇتۇلۇپ، ئىنسانلىق ھەقلىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ـ ياتلارنىڭ ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، يەرلىك ۋە مىللىي بىر ئىدارىي تەشكىل قۇرۇشتىن باشقا چارە يوقلىقىغا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى چىن كۆڭلىدىن ئىمان كەلتۈرمەكتە.

دۈشمەننىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ، قانلىق زۇلمى، ئالدامچى تەشۋىقاتلىرى، ئۇيدۇرما نامايىشلىرى بۇ

ئىمانىنى سۇسلاشتۇرالمايدۇ! بەلكى، بۇئىشلارخەلقىمىزنىڭ بۇ ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈپ، دۈشمەنگە بولغان ئاداۋەت ۋە نەپرەت ھېسسىنى ئاشۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم ئامىللاردۇر. بۇ سىياسەت ۋە تارىخ سەھنىلىرىدە ئىسپاتلانغان بىرھەقىقەتتۇر.

دۈشمەننىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە جاللاتلىق بىلەن خەلقنى قورقۇتۇشى، بىرقىسىم ۋىجدانسىزلار ۋاستىسى بىلەن قورقۇتۇپ، بېسىم ئىشلىتىشلىرى كۆرۈنۈشتە خەلقنى بىرمەزگىل قۇۋۋەتكە بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمما، يۇقىرىقى مۇقەددەس كۈچلۈك ئىمان ۋە ھەقىقىي مەنىۋى قۇۋۋەت ئۆچكەن يانارتاغنىڭ بىرمەزگىللىك جىمجىتلىقىغا ئوخشاش كۆرۈنۈشتە غەپلەت ئۇيقۇسىغا ياتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىچ - ئىچىدىن قايناپ، ھارارىتىنى دايىم ئاشۇرماقتا. بىر يەرتەۋرەش(سىلكىنىش) ياكى باشقا بىركىچىككىنە ھەرىكەت نەتىجىسىدە بىردىن يالقۇنلىنىپ تېشىپ، ھەرقانداق توسالغۇنى ۋە ھەرقانداق دۈشمەننى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىش قۇدرىتىنى ھەر زامان ئۇلغايتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، مۇنداق بىر مىللەتنىڭ مەڭگۈ ئەسىرلىكتە قالمايدىغانلىقى ۋە دۈشمەننىڭ بېشىغا بىر بالا كەلگەن زامان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىردىن ھەرىكەتلىنىپ، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەرەپلىك ھاياتقا ئېرىشكەنلىكى، تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن بىر ھەقىقەتتۇر. زۇلۇم سىياستىنى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئۇزۇنغا قالماي ھالاك بولۇشى ۋە تارىخ سەھىپىسىدە بىرئىبرەت مەنزىرىسى قىلىپ كۆرستىدىغانلىقى ئاللاھ تائاللانىڭ ئېنىق بىر ئادىتىدۇر.

دۈشمەننىڭ، زۇلۇم ۋە ئىستىبداد يولى بىلەن خەلقنى ئۆزمىللىتىدىن تاندۇرۇش ئۈچۈن ۋە يالغان تەشۋىقاتلار بىلەن ئۇمىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆز پايدىسىغا قۇربان قىلىش ئۈچۈن قىلغان تەشەببۇسلىرىنىڭ ئەكسى نەتىجە بېرىدىغانلىقى ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ جوغراپىيىلىك ۋەزىيىتىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىق، بۈگۈنكى ۋە بۇرۇنقى پالاكەتلەرنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر. ئەگەر، بۇ پايدىسىز ئامىل بولمىغان بولسا، شەرقىي تۈركىستانغا ھېچقانداق بىرچەت دۆلەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن ئەمەستى. غەربىي ئاسىيادىكى تۈرك قېرىنداشلىرىمىزدەك ھەرقانداق دۈشمەننى ئۆز ۋاقتىدا ئۇزاقلاشتۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ، دائىم مۇستەقىل ياشىغان بولاتتۇق. لېكىن، بۇقىيىنچىلىق يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق ئەمەس. ئىمكانىيەت دائىرىسى ئىچىدە بولغان ھەرقانچە قىيىن ئىشنىڭمۇ ئىنسان غەيرىتى ۋە پىداكارلىقى بىلەن يەڭگىلى بولىدىغانلىقى ھەرئەقىل ئىگىسىگە مەلۇمدۇر. ئەگەر، ئىنسان غەيرەت ۋە پىداكارلىقنى تاشلاپ، «قازاغا رىزا، بالاغا سەبرى» دەپ، ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق ۋە قورقاقلىق يولىنى تۇتسا، ئۇنداق ئىنسانغا ئاسان ئىشمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ، ئەلبەتتە.

ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ، تۈركىستاندا دۇنيانى تىترەتكەن خانلىقلارنى قۇرغانلىقى، مۇستەقىللىقلىرىنى ۋە ئىززەتلىرىنى ئەسىرلەرچە ساقلاپ قالغانلىقلىرى تارىختا پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم. ئۇلارنىڭ

زامانىسىدىمۇ هازىرقى جوغراپىيىلىك قىينچىلىق بارئىدى. پەقەت، ئۇلارنىڭ غەيرەت ۋە پىداكارلىقى ئۇ قىينچىلىقنى يەڭدى ئەمەسمۇ؟ دېمەك، بىرمىللەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپلا تۇرىدىكەن ئۇ مىللەتنىڭ مۇقەددەس مەقسىتىگە توسالغۇ بولىدىغان سىياسىي، جوغراپىي ۋە باشقا ھەر قانداق قىينچىلىق ھەل بولىدۇ، ھەرقانداق دۈشمەننى يېڭىپ كېتەلەيدۇ.

بۇ قىينچىلىقلار، ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىرئاز كېچىكتۇرسىمۇ، پۈتۈن خەلق ئۈمىدسىزلەنمەي، بىرلىك ۋە پىداكارلىق بىلەن تىرىشىپ، پۇرسەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، قىينچىلىقلارنى يېڭىدىغانلا بولسا، كۆزلىگەن مەقسەت ـ مۇرادىغا چوقۇم يېتەلەيدۇ. بۇلار تارىختا بىلىنگەن ھادىسىلەردۇر.

مانا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايدىغان شەرقىي تۈركىستان پەرزەنتلىرى يۇرت ئىچىدە ۋە يۇرت تېشىدا خېلى كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. بۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ غايەت پارلاق ۋە سائادەتلىك كېلەچەككە ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئامىلى. بۇلارنىڭ مەيلى يۇرت ئىچىدە بولسۇن ياكى يۇرت تېشىدا بولسۇن مۇمكىنقەدەر توغرا ھەرىكەتتە بولغانلىرى ئومۇمىي خەلقنىڭ يۇقىرىقى مۇستەھكەم ئىمانى ۋە ھېسسىياتى بىلەن بىرلىشىپ، ناھايىتى كەڭ ۋە پايدىلىق بىر ئىنقىلاب ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگۈسى!

**كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى تۈگىمىدى. مۇستەقىللىق نېمىتى قولغا كەلگىچە بۇ ئىنقىلابنىڭ تۈگىشى مۇمكىن ئەمەس!**

**ئۇلۇغ ۋە قادىر تەڭرىمىزدىن پالاكەتكە**

**ئۇچرىغان بەندىلىرىگە رەھمەت**

**ۋە نۇسرەت، دۈشمەنلىرىگە**

**غەزەپ ۋە مەغلۇبىيەت**

**تىلەيمىز.**

ئامىن!

ھىجرى 1359ـ يىلى، رەبىئۇل ئاۋۋالنىڭ 10 ـ كۈنى، پەيشەنبە(1940 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)

كابۇل، ئافغانىستان.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا

(ئىمزا)

# رەسىملەر



تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن تېپىلغان ھەرخىل ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار .(يۇقىرىدا) ھۇن دەۋرىگەئائىت (ئاستىدا) كۆكتۈرك دەۋرىگەئائىت ھەرخىل جابدۇق ۋە زىننەت ئەشيالىرى.







**يۇقىرىدا** ـ ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان ساقالار دەۋرىگە ئائىت ئالتۇن قاپتان (ساۋۇت) ۋە بىر قۇيما لەۋھە رەسىم (موسكۋا ۋە لېنىنگراد مۇزېيلىرىدە ساقلانماقتا). **تۆۋەندە** ـ ئالتاي قورغىنىدىن تېپىلغان، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، «لاچىن قاناتلىق قالپاق كەيگەن، ئات ئۈستىدەچىپىپ كېتىۋېتىپ، ئارقىسىغا قاراپ ئوق ئېتىۋاتقان چەۋانداز» نىڭ تۇچتىن قۇيما (لەۋھە) رەسىمى.





7 ـ ۋە 8 ـ ئەسىرلەردە شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلىتىلگەن ياغاچ تاختا ئويما مەتبەسىدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە تېكىست ۋە رەسىم (بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

تۆۋەندە ـ ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك شەكلى




قارلۇقلار ۋە قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت تەڭرى تاغلىرى ئېتەكلىرىدىن تېپىلغان ساپال قاچا - قۇمۇچ ۋە
باشقا بۇيۇملار





يۇقىرىدىكى رەسىم - چيەنلۇڭ (1763 - 1795). ئاستىدىكى رەسىم زوزۇڭتاڭ (1776 - ؟)



ياقۇپ بەگ، ئاتىلىق غازى (بەدۆلەت)





ئوڭدىكى رەسىمدىكى - جىن شۇرېن. سولدىكى - ياڭ زېڭشىن.



تۈركىيەدىن كەلگەن مۇئەللىم ئەھمەد كامال ئىلقۇل (ئوتتورىدا)،
شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلار بىلەن بىللە (1913) - يىلى قەشقەر.



كبين كى كونلرده عسكرلرى ايلان انقلابچيلرنى قوشولغان يولباس بيگ
خواجه نياز حاجى ايلان آراسى بوزلوب باشقه ماجونكه قاشيغه كتدودور .
تاغليق مجاهدلر اونداغه سيده دوام ايته دود .
بولرشو تيمليق ده ايكن تاش منغولدن جانك سينك دوغه آتليق بر
كشنى برنچه ملطوق كيم، قل آليب جقيب خواجه نياز حاجى ايلان كورشوب
توركستان نى مظلستان غه آخشه روس لرحمايه سيده بر حكومت قوروب
خواجه نياز حاجى نى رئيس جمهور قيلماق وبو خصوصدا ياردم اتمك كبى وعده لر
بولوب بر رأى خواجه نياز [حاجى] قاشيده تورادور خواجه نياز حاجى بو سوزلرنى
رد ايتمه يم اولر اعتماد ايتكودك حركت ايتمايدور جانك سينك دوغه تايب
كتدەدور. قومول انقلابچيلرى ناميدسيزلينارليك حالغه كلادور .
1932 يل آخيرلرى ايدى توزغان انقلاب باشلاناادور . تورغان خلقى هم
بونك شورين نيدغى قوملده بولسون ورياسغه يرلرداكه ظلم استبدادلريدن

ئىمىن ۋاھىدىنىڭ «ئىنقىلاب خاتىرىسى» دىن بىر قانچە بەت. (مەھەممەد ئىمىن بۇغرا ئارخىپىدىن ئېلىندى، ن . ش . ھ.)





يۇقىرىدىكى رەسىمدىكى ـ خوجىنىيازھاجى. ئاستىدىكى ـ ماجۇڭيىڭ.



خوتەن ھۆكۈمدارى مەھەممەد نىياز ئەلەئاخۇنۇم (مېلىك ھەزرىتىم)



خوتەن ئىنقىلابچىلىرىدىن بىر گۇرۇپ

(ئۇلتۇرغانلار، سولدىكى 1 ـ مەھەممەد ئىمىن بۇغرا(قاراچاپان بىلەن)، 2 ـ بەدرىدىن خان ئاقساقال. ئۆرەتۇرغانلار سولدىن 1ـ ئابدۇلكىرىم ھاجىم، 2 ـ قۇربان دەللەك، 3 ـ شىر ئەلىخان ھاجىم، 4 ـ تۇرسۇن باقى خان،5 ـ خالىق ساقى،6 ـ قويچى مەنسۇرھاجىم، 7 ـ سىيد ئۆمەرخان ئىشان.



خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ ئەسكىرىي يىغىلىشىدىن بىر كۆرۈنۈش. سەپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشى خوتەن ھۆكۈمىتى باش قوماندانى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، 1932- يىلى خوتەن ئىلچى شەھەر راۋاق مەيدانى[121].

[121] بۇ رەسىمنى ۋە 483 - 488- 489 - 490 - بەتلەردىكى رەسىملارنى ئا. فوربەس، «چىن ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە مىلىتارىستلار ـ سىڭكىياڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1911 - 1949 يىللىرى سىياسى تارىخى» دېگەن ئەسىرىنى نەشرقىلىش ئالدىدا ئەنقەرەگە، م . ئى. بۇغرا ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەندە تەقدىم قىلغان (ن .ش . ھ .).



سابىت داموللا ھاجىم قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ بىرقىسىم ئەزالىرى بىلەن بىرگە



Passeport No...... يول خطى

| | | |
|---|---|---|
| Nom | عبدالرحيم | اسم |
| Nom du père | كريم باي حاجى | آتاسى نىڭ نامى |
| Résidence | كاشغر | جايى |
| Profession | تجارت | هنرى |
| Lieu de naissance | كاشغر | توغولغان جايى |
| Nationalité | تركستان حكومت اسلامى | تابعيت |
| Destination | هندستان دورتاشقورغان بيله | بارادورغان جايى |
| Age | قرق سكز | ياشى |
| Taille | ميانه | بوى قامتى |
| Yeux | قرا | كوزى |
| Barbe et moustache | كم ريش | سقال بوروت |
| Signes distinctifs | | آيريم علامتى |

Le prèsent passeport procure à son porteur Pandant son voyage et ses arrêts L' aide et la protection des officiers civils et militaires des etats amis ou alliès de La Charqie Torkistan.

Fait "

اوشبو يول خطدن مقصود يول تورور كه شول حجت نىنك توتوب كوركازوچى كشيكه يول اوستنده و خيواه استقامت قيليب تورغان جاينده، شرقى تركستان جمهوريه تينك متحد يوددوست حكومتلرى ملكيه — وعسكريه مأمور [منصبدارلر] نىنك طرفندن حفظ و حمايه بولور:

سنه ١٣٥ هجريه رجب نىنك [ ٩ ] نچى كونيده

اوشبو يول خطنىنك ايكه‌سيدين باشقه كيشى ايشلاتسه جواب كر بولادور. [ شتئيم ]:

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورتى

(1933 - يىلى 10- ئاينىڭ 28 - كۈنى سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ئىمزاسى بىلەن بېرىلگەن بۇ پاسپورتنىڭ فوتو كوپىيىسى مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئاخۇنباي نىڭ خانىمى نۇرنىسا ئاخۇنبايىنىڭ قولىدىكى ئەسلىدىن ئېلىندى).





يۇقىرىدىكى رەسىم - مەھمۇد مۇھىتى (مامۇت سىجاڭ - 1935 - يىلى قەشقەر).
تۆۋەندىكى - بىر گۇرۇپ مۇجاھىدلار.





يۇقىرىدىكى رەسىم - مەھمۇد مۇھىتىي (مامۇت سىجاڭ - 1935 - يىلى قەشقەر).
تۆۋەندىكى - بىرگۇرۇپ مۇجاھىدلار.



ئەمىر نۇرئەھمەد (ئەمىر ساھىپ) 1934 - يىلى يېڭىسار)



ئەمىر ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) 1934 - يىلى قەشقەر



ئەمىر ئابدۇللا ۋە قوماندانلىرىدىن(ئارقىدا- ئوڭ تەرەپتە شىرئەلى خان ھاجىم، سول تەرەپتە
ئەستۇللا ھاجىم 1934 - يىلى قەشقەر).



يۇقىرىدىكى رەسىم ـ تۆمۈر سىجاڭ قوماندانلىرى بىلەن بىللە.
تۆۋەندە ـ ئابدۇللا نىياز بەگ 1937 ـ يىلى شېھىد بولغان (بۇ گۇنگىچە رەسىمى تېپىلمىدى. بۇ رەسىم يېرىنى ھۆرمەت بىلەن ساقلايمىز)





يۇقىرىدىكى رەسىم ـ شېڭشىسەي. تۆۋەندىكى رەسىم ـ ماخۇسەن





ئوڭدىكى رەسىم ـ مانى دىنىغا ئائىت (8 ـ ئەسىردە يېزىلغان) ئۇيغۇرچە قولىيازمىنىڭ بىر ۋارىقى.
سولدىكى رەسىم ـ ساپالدىن ياسالغان ئايال تەڭرىنىڭ ھەيكىلى (قاراشەھەرنىڭ سۇچۇق دېگەن يېرىدىن تېپىلغان) ھازىر بېرلىن مۇزېيىدا.





سولدىكى رەسىم ـ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى گىلەم. ئالتاي قورغىنىدىن تېپىلغان. هازىر لېنىنگراد مۇزېيىدا. ئوڭدىكى رەسىم ـ ئۇيغۇر كاتتىلىرىدىن بىرىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن بايراق. تۇرپاندىن تېپىلغان، هازىر بېرلىن مۇزېيىدا.






ئوڭدىكى رەسىم ـ ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) خانى ياغلاقالقۇ. دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆي 98 ـ بۆلۈمدىكى رەڭلىك تام رەسىم. سولدىكى رەسىم ـ كۇچادىكى مىڭ ئۆينىڭ تاملىرىغا سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەردىن بىر نەمۇنە.



5 ـ يا 6 ـ ئەسىرگە ئائىت ئوۋچىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرگەن باسما گۈللۈك شايى. تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان (ھازىر ئۈرۈمچى ئارخېئولوگىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا)



15 ـ ئەسىردە قۇتلۇق نىگار سىزغان ئۇيغۇر ئوردىسى مىنىياتۇرى. ھازىر ئىستانبۇل توپ قاپى سارايى مۇزېيىنىڭ ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

# خەرىتىلەر




ئاۋرو ئاسىيادا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئورنى



1 ـ خەرىتە، تۈركلەرنىڭ ئانايۇرتى، ئومۇمىي كۆچۈش دەۋرىدىكى كۆچ يوللىرى ۋە كۆچكەن يەرلىرى.



4 ـ خەرىتە، قۇشخانلار دۆلىتى.




3 ـ خەرىتە. بۈيۈك ھۇن دۆلىتى



6 ـ خەرىتە، توپا ـ تاتار دۆلىتى



5 ـ خەرىتە، سىيانپى تاتار دۆلىتى.



8 ـ خەرىتە، يەفتىل (ئاق ھۇنلار) دۆلىتى.



7 ـ خەرىتە. جۇجان ـ تاتار دۆلىتى.



10 ـ خەرىتە. قۇتلۇق دۆلىتى.



9 ـ خەرىتە، كۆكتۈرك دۆلىتى.



12 ـ خەرىتە، قارلۇق دۆلىتى.



11- خەرىتە. تۈركەش دۆلىتى.



14 ـ خەرىتە، قاراخانىلار دۆلىتى.



13 ـ خەرىتە، شەرقىي ئۇيغۇرلىرى دۆلىتى.




16 ـ خەرىتە، چاغاتاي دۆلىتى



15 ـ خەرىتە، قاراختاي دۆلىتى.



18 ـ خەرىتە؛ سەئىدىيەخانلىقى.



حە [illegible] خلاب خانلىقى



20 ـ خەرىتە. 1 ـ 2 ـ ۋە 3 ـ چىن ئىشغالىيىتى ۋە بۇ جەرياندىكى ئىككى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان چېگرىسى.



19 ـ خەرىتە، قالماق دۆلىتى.



22 ـ خەرىتە، مىلادى 1822 ـ دىن بۈگۈنگىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كونا ۋە يېڭى پايتەختلىرى.



21 ـ خەرىتە. ئۈچىنچى ئومۇمىي ئىنقىلاب دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان چېگرىسى.




شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي - شىمال قىسمى، شەھەر ۋە يوللىرى



23 ـ خەرىتە، مىللىي ئىنقىلاب باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان.




شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي ـ شىمال قسمى، شەھەر ۋە يوللرى



شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇب قىسمى. شەھەر ۋە يوللىرى



ئىنقىلاب جەريانىدا چىن ئەسكەرلىرى ئوت قويۇۋەتكەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ كۆرۈنۈشى(1932)

بۇ كىتابنى تەلەپ قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ تۆۋەندىكى ئادرىسلارگە مۇراجىئەت قىلىشلىرىنى
سورايمىز:
تۈركىيە دە :

(1) Dr. M.Yakub Buğra
Meşrűtiyet Cad. Konur Sok.27/5
06640 Kızılay/ Ankara
TŰRKİYE
Tel.. (312) 4188643 Fax.. (312)4251103
.....................................

(2) Abdul Celil TURAN
Yenıdoğan Mah. 41 Sok. 7/3
Zeytinburnu/ İstanbul
TŰRKİYE
Tel . 6790370
....................................

(3) Doğu Tűrkistan Vakfı
Doğu Tűrkistan Araştırma Merkizi
Damat İbrahim Paşa Medresesi Dedeefendi cad,No.4
Şehzadebaşi / İstanbul
Tel. (212) 5263576 5260855 Fax. (212)55348067
.......................................

سەئۇدى ئەرەبىستاندا:
سراج الدين عزيزى
المسفلة
مكة المكرمة . الملكة العربيه السعودية
Tel. 5364005, 5347774,4381675
..................................................

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى:

Казакстан
Алматаиская Областы
Микра Район Дом 6 Кв 21
Г. ЕСИК
Абдулахад Хафиз
Тэл. 275 8 23 487

**III. BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'DA DÖRDÜNCÜ GENEL AYAKLANMA**
- Ayaklanmaların Nedeni Üzerine Müellifin Değerlendirmesi
*1.Fasıl:* Kumul Ayaklanması
*2.Fasıl:* Turfan Ayaklanması
*3.Fasıl:* Hoten Ayaklanması
*4.Fasıl:* Karaşehir, Korla Kuça, Aksu ve Kaşgar Olayları
*5.Fasıl:* Altay, Çöçek ve Gulca Ayaklanmaları
*6.Fasıl:* Altışehir'de Tunganların Sindirilmesi
*7.Fasıl:* Çin Merkezi Hükümeti'nin Doğu Türkistan'ı Üçe Bölme Planı
*8.Fasıl:* Hoten Mücahitleri ile Timur Ali Arasında İhtilaf
*9.Fasıl:* Hoten Hükümetinin Hoca Niyaz'a Bağlılık Bildirimi
*10.Fasıl:* Timur Ali'nin Tunganlarca Öldürülmesi
*11.Fasıl:* Ürünçi Olayları
*12.Fasıl:* Milli Devrimci Kuvvetlerin Dış İlişkileri
*13.Fasıl:* Hoca Niyaz Haci ve Tunganlar
*12.Fasıl:* Hoten ve Kaşgar'da Gelişmeler
*15.Fasıl:* hoca Niyaz Hacı'nın Kişiliği Üzerinde Bazı Düşünceler
*16.Fasıl:* Tunganların turfan ve İli'den Güney'e Akını
*17.Fasıl:* 27 Aralık 1934 -19 Şubat 1935 Arası Olaylar
*18.Fasıl:* Ma Chung Ying'ın Kaşgar'a Gelişi
*19.Fasıl:* Trajik Gelişmeler
*20.Fasıl:* Hoten Ayaklanmasının Sonu
*21.Fasıl:* Doğu Türkistan'da Milli Ayaklanmların Son Safhası
*22.Fasıl:* Milli Kuvvetlerin Askeri ve Siyasi Durumları
*23.Fasıl:* Şin Şi-Tsai Yönetiminin Mahiyeti

*SON SÖZ* : **DOĞU TÜRKİSTAN HÜRRİYET SAVAŞI BİTTİ Mİ?**

**Resimler**
**Haritalar**

**İsteme Adresi:**

(1) *Dr,M.Yakup BUĞRA*
*Meşrutiyet Cad. Konur sokak 27/5*
*Kızılay / ANKARA*
*Tel- 4188643*

*(2)* *A.Celil TURAN*
*Yenidoğan Mah.41.Sokak7/3*
*Zeytin Burunu / İstanbul*
*Tel: 679037*

*(3)* *Doğu Türkistan Vakfı*
*Millet Cad. 26/3*
*İSTARBUL*
*Tel- 5216002*

*BASIM YERİ:*
*EMEK OFSET LTD. ŞTİ. MEŞRUTİYET CAD. NO: 41/39 KIZILAY/ANKARA*
*TEL: 0.312. 431 25 87 - 431 34 76 FAX: 0.312. 431 20 66*

Uç'u İşgali - Sultan Mahmud'un Şibani Han'a Karşı Tutumu - Şibani Han'ın Taşkent'i İşgali - Alaca Han'ın Ölümü ve Doğu Türkistan'da Ayaklanma - Sultan Mahmut'un Ölümünden Sonraki Olaylar - Doğu Türkistan Çağatay Devletinin Yıkılması - Çağatay Devrinde Doğu Türkistan'da İdari Teşkilat ve Sosyal Durum.

*3.Fasıl:* Doğlat Hükümdarlarının Tarihçesi - Sultan Ababekir Mirza'nın Altışehirde Bağımsız Devlet Kurması - Ababekir Mirza'nın Akli Dengesinin Bozulması - Doğu Türkistan Doğlat Devletinin Sonu - Ababekir Mirza'nın İdari Teşkilatı.

*4.Fasıl:* "Özbek" ve "Kazak" Adlandırmasının Menşei.

*5.Fasıl:* Saidiye Devleti - Sultan Said Hanın Hayatı- Mansur Han'ın Ölümü - 1517-1524 Olayları- Doğu Türkistan'ın Kuzey Kısmının Kaybedilmesi - Biluristan ve Badahşan Harekatı- Tibet ve Keşmir'in Fethi - Sultan Said Han'ın Ölümü - Sultan Abdurraşit Han'ın Tahta Çıkışı - 1533-1630 Olayları - Abdullah Han'ın Saltanat Devri - Abdullah Han'ın Tahttan İndirilişi - İsmail Han'ın Tahta Çıkışı- Saidiye Devletinin Çöküşü - Saidiye Devleti Döneminde Devlet Teşkilatı, Ekonomik ve Sosyal Durum.

6.Fasıl: Doğu Türkistan'a Kalmak İstilası - Kalmakların Tarihçesi - Abak Hoca Evladı Arasında İç Savaş - Abak Hoca'nın Evladı Döneminde Doğu Türkistan.

***III. BAB: ÇİN İSTİLASI DEVRİ***

**I. BÖLÜM: İLK ÇİN SALDIRISI**

*1.Fasıl:* Çin İşgali Altında 1816'ya Kadar Doğu Türkistan Halkının Uğradığı Mezalim

*2.Fasıl:* Çin İşgaline Karşı Doğu Türkistan'da İlk Genel Ayaklanma

*3.Fasıl:* İkinci Çin İşgali

*4.Fasıl:* Doğu Türkistan'da İkinci Umumi Ayaklanma

*5.Fasıl:* 1815-1863 Arası Doğu Türkistan'da Genel Durum

*6.Fasıl:* Doğu Türkistan'da Üçüncü Genel Ayaklanma - İli ve Yettesu Ayaklanması - Kuç Ayaklanması - Raşiddudin Han Hoca'nın Kaşgar, Yarkent Mücahitleri İle Çatışması - Kuça Mücahitlerinin Sonu - Kuça Hükümetini Mahiyeti- Hoten Mücahitlerinin Akibeti - Hoca Padişah'ın Yönetimi - Kaşgar Ayaklanması - Yarkent Ayaklanması

*7.Fasıl:* Doğu Türkistan'a Komşu Türk Yurtlarına Rus İstilası

*8.Fasıl:* Yabup Beğ - Yakub Beğ'in Hükümdar Oluşu - Hoten Seferi - Kuça Seferi - Yakub Beğ'in Kuvvet Kazanması - Turfan, Ürümçi ve İli'yi Elegeçirmesi - İstiklal İlan Etmesi - Dış Ülkelerle Münasebeti - Ürünçi ve Gulca'nın Tungan İşgali - Doğu Türkistan'a Çin Saldırısı - Yakub Beğ'in Ölümü ve İç Savaş - Doğu türkistan İstiklalinin Yıkılması - Yakub Beğ'in İstibdadı - İdari Teşkilatı - Tarihte Yakub Beğ'in Yeri.

**II. BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'A DÖRDÜNCÜ ÇİN İSTİLASI**

*1.Fasıl:* Mançur İmparatorluğu Son Döneminde Doğu Türkistan

*2.Fasıl:* İli ve Yettesu'nun Rus İşgali

*3.Fasıl:* Çin'de İmparatorluk Rejimi Sonbulurken Doğu Türkistan'ın Genel Durumu - Çin İmparatorluğu'nun Doğu Türkistan Üzerinde Kötü Emelleri - Mançu İmparatorluğu'nun Doğu Türkistan'da Ekonomik Politikası - İlk Nüfus Sayımı - İdari Teşkilat.

4.Fasıl: Çin Cumhuriyeti Döneminde Doğu türkistan - Doğu Türkistan'da İkibuçuk Hükümet- Siyah Sarıklılar Cemiyeti (Gulahuy)

*5.Fasıl:* Doğu Türkistan'da Milli Uyanış - Durum değerlendirmesi

*6.Fasıl:* Doğu Türkistan Üzerinde Çin Cumhuriyet Rejimi Etkisinin Yokoluşu - Yang Zing Şin Yönetimi - Doğu Türkistan'da İlk Seçimler, Fabrika ve Telsiz Telgraf - Doğu Türkistan'ın Kültürüne Ve Ekonomisine Yang'ın Hiyaneti - Yang'ın Hiyaneti - Yang'ın Öldürülmesi

*7. Fasıl:* Cin Şu Rin Yönetimi

*7.Fasıl:* Haptal (Yeftel) İmparatorluğu - Doğu Türkistan'ın Yeftel İmparatorluğuna Katılması

*8.Fasıl:* Kök Türk Devleti - Doğu Türkistan'ın Kök Türk Birleşmesine Katılması - Mokan Kağan'ın Komşu Devletlerle Münasebeti - Kök Türk Devleti'inin ikiye Bölünüşü - Çin İhaneti Yüzünden Çıkan Olaylar - Doğu Kök Türk Devletinin Çin'le Münasebeti - Doğu Kök Türk Devletinin Yıkılışı - Batı Kök Türk Devletinde Kargaşa ve Çin Saldırısı - Batı Kök Türk devletinin İran Şahı Yezdgerd ile Birlikte İslam Arab Kuvvetleriyle Savaşı - Batı Kök Türk Devletinin Yeniden Güçlenmesi - Batı Kök Türk Devletinin Yıkılışı ve Doğu Türkistan'a Çin İstilası - Doğu Türkistan'ın Güneş İllerine Tibet İstilası.

*9.Fasıl:* Kutluk ve Türkeş Devletleri - Kök Türk Devleti'nin Yeniden dirilişi - Doğu'da Kutluk Devleti - Batı'da Türkeş Devleti - Kutluk ve Türkeş Devletlerinin Birleşmesi ve Türkistan'ın Çin esaretinden Kurtuluşu - Kutluk devleti İle İslam Emirleri Arasında Geçen Olaylar - Mehleb b. Ebi Sufre - Kuteybe b. Müslim - İki Tarihi Gerçek - Doğu Türkistan'da İç Hadiseler - Kök Türk Devletinde Siyasal, Sosyal ve Kültürel Ortam - Orhun Abideleri ve Eski Türk Yazısı.

**IV. BÖLÜM: KARAHANLAR DEVRİ**

*1.Fasıl:* Karahanlar Devleti - Kuruluşu - Devletin Genişlemesi - Doğu Türkistan'da İslamiyetin Yayılması - Saltuk Buğra Han'ın Savaşları - Musa Buğra Han - Harun Buğra Han - Batı Türkistan'ın Karahanlar Devletine Katılması - Karahan Yusuf Kadir - Samanilerin Çöküşü - İlik Han Ali Tekin ile Samani Muntasır Arasında Savaş - Ali Tekin ve Sultan Mahmut Arasında Savaş- Karahan Yusuf Kadir ile Sultan Mahmut Arasında Savaş ve Uzlaşma - Tağan Ali Han'ın Kitay Muharebesi - İlik Hanlık Ünvanı Konusunda Bir İnceleme - İlik Hanlarının Karahan'a Başkaldırması - Karahan Yusuf Kadir'in Sultan Mahmut İle Bulaşması - Doğu Türkistan'da Ayaklanmalar - Ali Tekin'in İkinci İsyanı - Selçukoğullarının Doğu Türkistandaki Tarihçesi - Karahan Yusuf Kadir'in ve Ali Tekin'in Vefatları - Karahan Devletinin İkiye Bölünmesi - İkinci Harun Buğra Han Dönemindeki Olaylar - Karahanlar Devrinde İdari ve Askeri Teşkilat ve Medeniyet - Türk Dili ve Edebiyatı - Karahanların Çağdaş Devletler Arasında Konumu - Büyük Türk Devletlerin Yıkılış Nedenleri Üzerine Bir Yorum.

*2.Fasıl:* Karahıtay Devleti - Karahıtayların Doğu Türkistanı İstilası - Gobing, Goyan ve Tirge'lerin Gorhan Tahtına Çıkışları - İdikut ve Kiliç Han'ın Cengiz Han'a Tabi Olmaları - Karahıtay Devletinin - Küçlük'ün Kimliği ve Doğu Türkistan'a Geliş Nedeni - Küçlük'ün Doğu Türkistanı İstilası - Karahıtay Devlet Teşkilatı.

**V. BÖLÜM : DOĞU TÜRKİSTAN'DA MOĞUL DEVRİ**

*1.Fasıl:* Doğu Türkistan'a Cengiz Han İstilası - Cengiz Han döneminde Doğu Türkistan'da Durum - Cengiz Han'ın Ölümünden Sonra Doğu Türkistan'da Durum.

*2.Fasıl:* Çağatay Devleti - Doğu Türkistan'da Oktay Hanedanı - Doğu Türkistan'da Çağatay Hanedanı Eğemenliği - tuğluk Timur Han'ın Batı Türkistanı Elegeçirişi - Taşköprü Muharebesi - İlyas Hocaoğlan'ın Tahta Çıkışı - Doğu Türkistan'da Ayaklanma - Doğu Türkistan Hükümdarları ile Timur Arasında On Yıllık Savaş - Hızır Hocaoğlan'ın Han Oluşu ve Doğu Türkistan'da Birliğin Tesisi - Kameruddin Bey İle Tohtamiş Han Arasında İttifak - Kameruddin Bey'in Ölümü - Timur'un Doğu Türkistan'a Saldırısı - Hızır Hoca Han'ın İcraatı - Timur'un Ölümü - Muhammed Han'ın Tahta Çıkışı - Şem'i Cehanin Tahta Çıkışı - Şir Muhammed'in Tahta Çıkışı - Şir Muhammed Han İle Uluğ Bey Arasında Savaş - Uveys Han'ın Tahta Çıkışı- Üçüncü Esenboğa Han - Esenboğa Han'ın Fergana'yı Elegeçirmesi - Yunus Han'ın Tahta Çıkışı ve Savaşları - Payitahtın Taşkent'e Taşınması - Sultan Yunus Han'ın Medeniyeti İki Önemli Hizmeti - Mahmud Han'ın Tahta Çıkışı- Sultan Mahmud'un Korganlarla Savaşları - Muhammed Şibanı Han'ın Sultan Mahmud'a İhaneti - Sultan Mahmud'un Babur Mirza İle Münasebeti - Kaşgar Muharebesi ve Ababekir Mirza'nın

# İÇİNDEKİLER

SUNUŞ
TAKRİZ
ÖNSÖZ
KAYNAKÇA

*I.BAB: GENEL TARİH*

**I. BÖLÜM: GENEL TARİHİN BİR ÖZETİ**
*1. Fasıl:* Tarih Biliminin Tanımı.
*2. Fasıl:* İnsan Tarihinin İlk Evreleri

**II. BÖLÜM: GENEL TÜRK TARİHİNİN BİR ÖZETİ**
*1. Fasıl:* Türk Tarihinin Başlangıcı
*2. Fasıl:* Türklerin Modern Devrindeki Medeniyeti
*3. Fasıl:* Türklerin Umumi Göç Devri
*4. Fasıl:* Göç Devrinden Sonraki Türk Anayurdu - Eski Türklerde Yazı - Eski Türklerde Devlet Teşkilatı ve Hukuk - Eski Türklerde Din

*II.BAB: DOĞU TÜRKİSTAN'IN ÖZEL TARİHİ*

**I. BÖLÜM: RİVAYETLER ve EDEBİ ESERLERE GÖRE DOĞU TÜRKİSTAN'IN ESKİ TARİHİ**
- İran Rivayetleri - Asur Rivayetleri - Yunan Rivayetleri - Hindistan Rivayetleri- Bir Değerlendirme - Özet

**II. BÖLÜM: İSKENDER DEVRİNDEN HUN DEVRİNE KADAR DOĞU TÜRKİSTAN**

**III. BÖLÜM: DOĞU TÜRKİSTAN'IN HUN DEVLETİNE KATILMASINDAN İSLAM DEVRİNE KADAR GEÇEN DÖNEM**

*1.Fasıl:* Büyük Hun İmparatoluğu - Hun Devleti'nin Genişlemesi - Çin Savaşları - Yavçi Savaşları - Oğuz Mete Han'ın Ölümünden Sonraki Olaylar - Çin'in Hun Devletine Karşı Siyaseti - Hunlara Çin Saldırısı - Hun Devletinde İç Kargaşa - Hun Tanrıkuti'nin Zaferi - Hun Devleti'nin İkiye Bölünmesi - Hun Devletinin Niteliği - Hunların Dini ve Kültürü.
*2.Fasıl:* Hun Devleti Döneminde Doğu Türkistan - Doğu Türkistan'a İlk Çin Saldırısı ve Yenilgisi - Çin Devleti'nin Doğu Türkistan"a İlk İstilası - Doğu Türkistan'ın Çin İstilasından Kurtuluşu - Doğu Türkistan'ın Çin İstilasından Kurtuluşu - Altışehir Hanları Arasında Çatışmalar - Doğu Türkistan İle Çin Arasında Otuz Yıl Süren Savaşlar.
*3.Fasıl:* Kuşan (Kuşhan) İmparatorluğu - Altışehir'in Kuşhan İmparatorluğuna Katılması - Kuşhan'lar Döneminde Doğu Türkistan'da Din ve Medeniyet - Doğu Türkistan'ın Kuşhan Nüfuzundan Çıkışı ve Yerel Hanların Bağımsız Oluşu.
*4.Fasıl:* Siyanpi Federasyonu - Çin İstilası ile Siyanpi Federasyonuna Katılması Arasında Geçen Dönemde Doğu Türkistan'ın Doğu ve Kuzey Bölgelerinin Durumu- Siyanpi Türklerinin Bağımsızlığı ve Doğu Türkistan - Doğu Türkistan Yerel Hanlarının Bağımsızlığı.
*5.Fasıl:* Toba Türkleri- Kucu ve Altışehir Hanlıklarının Toba İmparatorluğuna Katılması - Toba Türklerinin Medeniyeti.
*6.Fasıl:* Cucan Tatar İmparatorluğu - Tolun Kağanın Doğu Türkistan'ı Zaptı.

# DOĞU TÜRKİSTAN TARİHİ

*MEHMET EMİN BUĞRA*

*KABİL - 1940*

Günümüz Uygurcası'na Sadeleştirilmiş Baskısı

Hazırlayan : *Dr. M.Yakup BUĞRA*

**(Bedelsizdir)**